ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

شىنجاڭ داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا

بېغىشلانغان سان

(1995 — 1935)



# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1995 ـ يىللىق 4 ـ سان (ئومۇمىي 64 ـ سان)

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

باش مۇھەررىر: ئەكبەر ھۇسەيىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەييۇم قۇربان

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

QADIR

QADIR

## پەسىللىك ژۇرنال

## بۇ ساندا

بالاساغۇنىنىڭ ئورنى بەسىلىسى ھەققىدە ............ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
.................................................. قەييۇم قۇربان 22
كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
.................................................. ئەخمەت ماموت 27
يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى
نۇقتىئىنەزەرلىرى ............................ ئارسلان ئەھمەد زىيائى 33
ساكلارنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما ئۇچۇر ـ مەلۇماتلار .................. شىرىن قۇربان 44
چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرنىلەر دەۋرىدىكى كاتىپلىق ـ كىتابەت ئىلمى .......... تۇرسۇن كەلپىن 57
قاراخانىلار خانلىقىنىڭ «ئۆلۈش يەر» تۈزۈمى توغرىسىدا .................. نۇرۇللا مۆمىن 65
مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ھەققىدە .................. ئابدۇللا مەتقۇربان 69
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا .............. ئوسمان ئىسمائىل 75
قومۇل شىۋىسىدە ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەر توغرىسىدا ..............
.................................................. پەرىدە ھاموت 86
ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىمداش «Gerund» نىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى
توغرىسىدا ........................ ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان 97
ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا
قىسقىچە مۇلاھىزە .............................. زۇلپىيە ئەكبەر 105
ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش شەرتلىرى توغرىسىدا ..............
.................................................. يارى ئەبەيدۇللا 112
ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ قوش تىللىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ..............
.................................................. دىلارە ئىمىن 120
پىشقەدەم ئۇستازلار ھۇزۇرىدا .............................. ھاكىم جاپپار 124
ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى .............................. 139

**新疆大学学报**
（哲学社会科学维文版）

1995 年第四期
（总第 64 期）

# 目　　录

关于巴拉沙衮城的位置……………………………………… 阿布都秀库尔·穆罕默德伊明

关于社会主义市场经济及更新法制观念的必要性 …………………………… 克尤木·库尔班

关于统一人权标准的必要性 …………………………………………………… 艾合买提·马木提

近现代西方经济理论中关于市场及市场经济的观点 …………… 阿尔斯兰　艾合买提·孜亚

有关塞种历史的文字记载 ……………………………………………………………… 西仁·库尔班

成吉思汗和铁木尔时代的文书学 ……………………………………………………… 吐尔逊·克力平

关于喀喇汗王朝的"封地"制度 ……………………………………………………… 努尔拉·木敏

关于存在主义文学 …………………………………………………………… 阿不都拉·买提库尔班

维吾尔民间故事分类 ………………………………………………………………… 乌斯曼·司马义

哈密方言中反映出来的一些风俗习惯 ……………………………………………… 帕丽达·阿木提

英语动名词《Gerund》的用法及其在维语中的表达 ……………………………………………
……………………………………………… 阿不都热西提卡德尔　吾买尔江·库尔班

浅谈英译维中增减词的重要性 ………………………………………… 祖丽菲晔·艾克拜尔

关于维吾尔语元音弱化的条件 ………………………………………………………… 亚热艾拜都拉

关于少数民族青年掌握双语的必要性 ……………………………………………… 迪拉然·伊明

致尊敬的老前辈们 …………………………………………………………………… 阿克木加帕尔

# بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، بالاساغۇننىڭ تارىخىي ئورنى مەسىلىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، بالاساغۇننىڭ ئورنى توقماقتىكى بۇرانا (مۇنارا) خارابىسىدە دېگەن قاراشقا قارشى ھالدا، بالاساغۇننىڭ ئورنى شىنجاڭنىڭ ئاتۇش زېمىنىدا دېگەن يېڭىچە قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك، ئارخېئولوگىيىلىك جەھەتلەردىن بايان قىلىندۇ.

## 1. مەسىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتى

بالا ساغۇن — قۇز ئوردا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم توپونومىيىلىك كاتېگورىيە. بالاساغۇن ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا قاراقوجۇ، يارغول، قارابالغاسون، بېشبالىق، قەشقەر — ئوردا كەنت بىلەن تەڭ دەرىجىدە شانلىق سەھىپە بىلەن جۇلا قىلغان.

بالاساغۇن تارىخىي مەنبەلەردە يىراق ئەپراسىياپ ۋە بويىلاسانغۇن بۆكە قاغان نامى بىلەن تۇتاشقان.

بالاساغۇن ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ئىلىك دەۋرلىرىدە ياغما قەبىلىلىرى ۋە قاراخانىلار ياغما سۇلتانلىرىنىڭ نەسەپگاھ دەرگاھى، دەسلەپكى ھەربىي ـ سىياسىي پائالىيەت مەركىزى، ئوغۇلچاق قىدىرخان تالاستىن قەشقەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن قاراخانىلارنىڭ سامانىيلارغا نىسبەتەن ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان جاي، ئورداكەنت قەشقەر يېنىدىكى سالقىن ئوردا — قۇز ئوردا بولغان جاي.

بالاساغۇن — يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىي ئالاقىلىرىدىكى مۇھىم بەلباغ، جۈملىدىن قاراخانىلارغا تەئەللۇق بىر قاتار ئالىملار، ئەدىبلەر، سەركەردىلەر دۇنياغا كۆز ئاچقان شانلىق شەھەر.

بالاساغۇن تارىخىي شەھەر سۈپىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغاندىن تاشقىرى، نىزامۇل مۇلۇك، تابارى، ئىبنى ھەلقەلى،

گەردىزى، ئەبۇل ئەشىر، ئەبۇل فىدا، جۇۋەينى، مىرخەند، دوسسون، ۋاڭ گوۋېي، برۆكېلمان، گرېنارد، بېگىسىن، گرىگورىيوۋ، مىلىنوۋسكىي، بارتولىد، پىرساك، خاندا تورۇ، ئابېتاكېئو قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان شەرق ۋە غەرب مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن زىكىر قىلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇ بىۋاستە كۆزىتىش ياكى توپونومىيىلىك ئاساستىكى زىكىر بولماستىن، ئاساسەن تارىخىي جەھەتتىكى زىكىر ئىدى.

بالاساغۇن توپونومىيىلىك — جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورۇن سۈپىتىدە زادى قەيەردە دېگەن مەسىلىدە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مۇئەللىپلەرنىڭ بايانلىرىدا بىر قاتار ئېنىقسىزلىقلار ۋە ھەر خىل زىددىيەتلىك بايانلار ساقلانغان.

بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى بارتولىددىن كېيىنكى مۇھاكىمىلەردە يارغانسىرى خاتا پەرەز ۋە ئاساسسىز ھۆكۈم تۇتەكلىكىگە كىرىپ كەتتى. نەتىجىدە بالاساغۇننى ياغما ۋە توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، بالاساغۇننى ئوردا كەنت يېنىدىكى قۇز ئوردىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، بالاساغۇننى ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ ئەينى زاماندا يازغان يەر مۇساپىلىرى توغرىسىدىكى ناتوغرا قىياسلىرىنى دەلىل قىلىشىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، ھەتتا بالاساغۇن، يۇقىرى بارسغان، سۇياب (چۇئاب)، توقماق (بۇرانا ۋە ئاق پىشىم) ئارىلاشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملەر شۇ پېتىلا قايتا مۇھاكىمىسىز قوبۇل قىلىنىپ، تەكرارلىنىۋېرىپ، قانداقتۇر «بالاساغۇن - توقماق» پىكورىسى دەخلىسىز ئاخىرقى ھۆكۈم بولۇپ قالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىي - جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي - ئېتنولوگىيىلىك ئېغىشلارغا يۈزلەندى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى بالاساغۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مەسىلىسى ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى مەرھۇم مۇراد ھەمرايوۋ 1972 - يىلى ئالما - ئاتادا نەشىر قىلىنغان «دەۋر سەھىپىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 84 - بېتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پروفېسسور ئا. ن. كونىرنوۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان مۇقەددىمە ماقالىسىگە ئاساسلىنىپ: «يۈسۈپ بالاساغۇنى تۇغۇلغان بۇ شەھەر ‹قۇز ئوردا› نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى»، «بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا گۇمانلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان قەشقەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق گۇمان يوق» دەپ يازغانىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1986 - يىلى ئۆكتەبىردە ياپونىيە كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «خاندا خاتىرە سارىيى» دا «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›» دېگەن تېمىدا ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇغاندىن كېيىن، ياپونىيە تارىخچىلىرىنىڭ بالاساغۇننىڭ ئورنى زادى قەيەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر سوئالىغا دۇچ كەلگەنىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە

يېڭى نۇسخىلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھلىرىنىڭ قايتا ياسىلىشى بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسىنى بىۋاستە كۈنتەرتىپكە قويدى.

بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقات غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئىنچىكە تىماتىك ماۋزۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئىلمىي جەھەتتە ھەل قىلىنىشى «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى مەسىلىسىنى يورۇتۇشتىن تاشقىرى، پۈتكۈل قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىختى، پۈتكۈل غەربىي ئۇيغۇر ئېتنىك تۈركۈمى — توققۇز ئوغۇز — ساتۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ پائالىيەت شەجەرىسىنى يورۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلە.

## 2. «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ ئاساسلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا (مۇنارا) خارابىسىدا» دېگەن قاراش بارتولدنىڭ «ئىسلام قامۇسى. بالاساغۇن» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بارتولد بالاساغۇننىڭ قوز ئوردا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى سامانىلار شاھزادىسى ئەبۇناسىر سامانىنىڭ ئوردا ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى بالاساغۇنغا ھىجرەت قىلغانلىقىنى، بالاساغۇندا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تاغىسى ئوغۇلچاق قىدىرخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قەشقەرنى ئىسلاملاشتۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ بالاساغۇن مەسىلىسىدە ئىككى مۇھىم خاتالىققا يول قويىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرى، بالاساغۇننىڭ ئورنىنى توقماق قىلىپ بېكىتىدۇ. يەنە بىرى، «ئىسلام قامۇسى. بالاساغۇن» ناملىق ماقالىسىدە ئۇ قاراخانىلاردىن ئىلگىرىمۇ بالاساغۇننىڭ توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى شەھەرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «غۇبالىق» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى، بۇ نامنىڭ ياللۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى»، «لياۋ تارىخى»، «ئالتۇن خانلىق تارىخى»، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «1218 - يىلى بالاساغۇن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا چىڭگىزخان سەركەردىسى چۆبەنايان قولىغا ئۆتتى، موڭغۇللار ئۇنى (غۇبالىق) دەپ ئۆزگەرتتى» دەپ يازىدۇ.

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىرى مۇھىمى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىبارەت:

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «يەر شەكلى» تەخمىن خەرىتىسىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە بۇ تەخمىن خەرىتە ھازىرقى زامان ئىلمىي خەرىتىسىدىن، جۈملىدىن مىلىنوۋسكىنىڭ «ھۇدۇدۇل ئالەم» ھەققىدىكى ئىزاھاتلىق ئەسىرىنىڭ 279 - بېتىگە كىرگۈزگەن خەرىتىدىن پەرقلىنىدۇ.

«بالاساغۇن» ئىبارىسى مەھمۇد قەشقەرى كىتابىغا بېرىلگەن «يەر شەكلى» خەرىتىسىدە ئوردا كەنت قەشقەردىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇ ئۈچ

(ئۇچتۇرپان) دىن يەنىلا قەشقەرگە يېقىن جايلاشتۇرۇلغان. بۇ «يەر شەكلى» كىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىزغا كەلگۈچە قانداق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ بىرىنچى ئاساسى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاڭلىق تەپەككۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىبارىلىرىدە بالاساغۇن ئوردا كەنت قەشقەر يېنىدىكى شەھەر دەپ روشەن مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن. بۇ روشەن ئىبارىلەر ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، «توقماق بۇرانا» خارابىسىدىن ئىبارەت. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تېماتىك ئىلمىي مەقسەت بىلەن 1984 - يىلى توقماقنىڭ «بۇرانا» (مۇنارە) خارابىسىغا بېرىپ، تەپسىلىي زىيارەت قىلىپ، رەسىمگە ئېلىپ قايتقانىدى. بۇ كىچىككىنە قورغانچە خارابە بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ياغما سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختىگە ئەمەس، بەلكى توقماق تېغى ئاستىغا جايلاشقان مۇھىم مۇسۇلمان قەبرىگاھلىقىغا ئوخشايتتى. تاغ تۈۋىگە جايلاشقانلىق ئالامىتىدىن باشقا يېرىمى غولىغان بولسىمۇ، ئەسلى تۇرقىنى ساقلىغان يالغۇز مۇنارە، بىر دۆئا تەكبىر مەسچىتى ھەم «ئوتتۇز ئالتە مۇسۇلمان» قەبرىسى بىر تۇتاش چەمبەر شەكىللىك قەبرىگاھلىق بۇ قەلئەنىڭ ئەسلى ئىسلامىيەت ياكى باشقا بىر مۇھىم ستراتېگىيىلىك جەڭدە قازا تاپقان مۇسۇلمان شاھىدلىرى خاتىرىسىگە ياسالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قەبرىگاھلىق، مەسچىت ۋە خاتىرە مۇنارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنىڭ مۇجەسسەملىكى تۇرپانلىق سۇلايمان ۋاڭ، قۇمۇل ۋاڭلىرى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قەبرىگاھلىقلىرىدا تولا ئۇچرايدىغان ئورتاقلىق ئىدى. بۇنىڭدىكى مەسىلە «بۇرانا» قەبرىگاھلىقى بالاساغۇنمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە بولماستىن، بەلكى بۇ «بۇرانا» خاتىرە قورغىنىنى 893- يىلى تالاس - چۇ ۋادىسىنى بېسىۋالغان سامانىلار ياسىغانمۇ ياكى 943 - يىلى بۇ جايلارنى قايتۇرۇۋالغان قاراخانىلار ياسىغانمۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى. مۇنارە ئەگەر توققۇز بوغۇم بولغاندا ئىدى، ئۇيغۇر قاراخانىلار سەلتەنىتىگە تەئەللۇق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولاتتى.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، 912 — 913 - يىللىرى سامانىلارغا تەۋە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1892 - يىلى بۇخارادىكى تومانىسكىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە مىلىنوۋسكىي تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق كىتابتا «توقماق» دەپ يېزىلغان بۇ جاي دەل چۇ دەرياسى بويىدىكى «چۇئاب» (سۇياب دەپ ئىستىمال قىلىنماقتا) بولۇپ، گاۋشەنزى زامانىدىن باشلاپ تالاس - چۇئاب دېيىلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن مەشھۇر ياپون ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى (پروفېسسور خانداتۇرۇر يۇي تيەن خىنىڭ) «چۇئاب ھازىرقى توقماق ئەتراپىدا» دېگەن. (ئابېتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتى»، 293 - بەتكە قارالسۇن) بۇندىن باشقا 1973- يىلى بىشكەكتە نەشىر قىلىنغان «قىرغىز س س ر تارىخى» (جامغىرچىنوۋ باش مۇھەررىرلىكىدە ھازىرلانغان) ناملىق كىتابتا: «قىرغىزىستاندا چۇ دەرياسى بويىدىكى سۇياپ شەھىرى بولغان» (115 - بەت)، «ئىسسىق كۆلدىن 250 كىلومېتر غەربكە جايلاشقان چۇ دەرياسى بويىدا سۇياپ شەھىرى بار» (118 - بەت)، «766 - يىلدىن باشلاپ

قارلۇقلار يابغۇسى ئوتتۇرا چۇ ۋادىسىدىكى سوياپ (توقمان يېنىدا) شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى» (124)، «كارۋان يولى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە فاراب، سەمەرقەنت، شاش، تاراز، قۇلان، سۇياپ (توقماق يېنىدا) ئارقىلىق ئىسسىق كۆل بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا تۇتاشقان» (128 - بەت) دەپ يېزىپ، سۇياپنىڭ توقماقنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى تەكرار جەزىملەشتۈرگەن. بۇ كىتابنىڭ 126 - بېتىدە X ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا قازا قىلغان باغداد خەلىپىسى ئەلچىلىرىدىن قۇدامى ئىبىن جەففارنىڭ تارازدىن چىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاھالە رايونلىرى تەپسىلاتى تولۇق بېرىلگەن: «تاراز شەھىرىدىن قولان دېگەن دالاغا 14 پەرسا (84 كىلومېتىر) يۈرگەندىن كېيىن، باي قىشلاق مەرقىغە 4 پەرسا (24 كىلومېتىر) يۈرىمىز. مەرقىدىن ئەلى ئەشپار دالاسىغا 4 پەرسا، ئۇنىڭدىن نۇركەنتكە 8 پەرسا، ئۇنىڭدىن جۇۋانغا (ھۇكەرەككە) 4 پەرسا، جۇۋاندىن چۆلگە 4 پەرسا، چۆلدىن سارىغا 2 پەرسا، سارىدىن تۈرك خاقانى قىشلىقىغا 4 پەرسا، تۈرك خاقانىدىن قىرمىراۋغا 2 پەرسا، ئۇندىن سۇياپقا بارىمىز. سۇياپ ئىككى قىشلىق بولۇپ، بىرى كۇبال، ئىككىنچىسى سەغۇر كۇبال دەپ ئاتىلىدۇ. سەغۇر كۇبالدىن بارسخانغىچە مۇساپە ناھايىتى چوڭ، بۇندىن چىن چېگرىسىغا يول 15 كۈنلۈك بولۇپ، تۈرك پۇچتىلىرىغا ئۈچ كۈنلۈك» دەپ يېزىلغان. شۇ كىتابنىڭ 144 - بېتىدە ئىككى جايدا «بالاساغۇن بىلەن قەشقەر» نامى بىللە تىلغا ئېلىنغان.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، توقماق رايونىدىن چىققان قەبرەتاشلىرى ئارىسىدا «شەيخ ئىمام مۇھەممەد فىقىيە ئەلمەرۇل بالاساغۇنى» ناملىق قايىراق تاشنىڭ چىققانلىقى، ئەسلىدە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخچى مىرزاھەيدەرنىڭ «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئىمام مۇھەممەد بالاساغۇنى ناملىق فىقىھ (قانۇنشۇناس) نىڭ ھىجرىيىنىڭ711- يىلى (1311 — 1312) غا ئائىت قەبرىسىنى توقماقتىكى مۇنارە دېگەن جايدا كۆرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ۋ. ك. ترۇتوۋسكىي بۇ يەردىكى قەبرە تاشلىرىنى تەتقىق قىلغاندا ئەرەب يېزىقىدىكى «شەيخ ئىمام مۇھەممەد فىقىيە ئەلئو مەرۇل بالاساغۇنى» دېگەن خەت يېزىلغان تاپان شەكىللىك قايىراق تېشى تاپقان. قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتى 1982 - يىلى نەشىر قىلغان «قىرغىزىيىدە قەبرە خەتلىرى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى جى. جۇماغۇلۇپ ئۆز كىتابىنىڭ 69 - بېتىدە بۇ ھەقتە توختالغان. قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئىنىستىتۇتى 1983 - يىلى نەشىر قىلغان «قاراخانىلار دەۋرىدىكى قىرغىزىيە» دېگەن كىتابنىڭ 228 - بېتىدىكى ۋ. ن. ناستىچنىڭ «بۇرانا شەھەرچىسىدىكى ئەرەب - پارسچە قايىراق خەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدىمۇ بۇ ھەقتە رەسىم ۋە مەلۇمات بېرىلگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەيخ ئىمام مۇھەممەد بالاساغۇننىڭ قەبرە تېشىنىڭ توقماق بۇرانادىن تېپىلغانلىقى بۇ يەرنىڭ بالاساغۇن شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بالاساغۇنلۇق بۇ كىشىنىڭ خۇددى جۇماغۇلۇپ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان شەمىس سەمەرقەندى، مۇھەممەد ھافىز بۇخارى، ئەبۇ بەكرى بىننى ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەد نىشاپورى قايىراقلىرىنىڭ تالاس - ئوترار ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقىدەك ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ مۇساپىرلىقتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ يۇقىرىقى ئاساسلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇلاردىن باشقا «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشى بىر قاتار جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك، تارىخىي مەنتىقىلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. خۇددى ئۆزبېكىستان ئالىمى سالىخ مۇتەللىپوۋ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۆزبېكچە نەشرى 1 - توم 486 - بەتتىكى ئىزاھىدا ئېيتقىنىدەك، بارتولدنىڭ «ئىسلام قامۇسى»غا يازغان بالاساغۇن ھەققىدىكى ماقالىسىدە ئۇ «دىۋان» دىن مەلۇمات بېرەلمىگەن، «نەتىجىدە بارتولد بالاساغۇن ئورنىنى ئىلگىرىكىدەكلا يەنە ئېنىقسىز ھالىچە قالدۇرغان».

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك تېماتىك تەپسىلاتلار ئىچىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 3. «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

«بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى ھازىرلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. بۇ قاراشنىڭ مۇشۇ ئەسىر بېشىدىكى ۋەكىللىرى مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمى، مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924) بىلەن مەرھۇم مەرىپەتپەرۋەر شائىر قۇتلۇق شەۋقى (1876 — 1937)، جۈملىدىن سابىق «قەشقەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ۋە مۇدەررىسى، ئالىم سەلەيھاجى داموللام ئىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جىيەنى، ئوقۇغۇچىسى، ۋارىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە ئاتۇش شەھىرى سىياسىي كېڭەش ھەم ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرىدىن زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋىي داموللاھاجىم تامغىلىق ئىسپات يازغاندىن تاشقىرى، سەلەيھاجى داموللام بىلەن بېشكەك تۈرمىلىرىدە بىللە مەھبۇسلۇق كۈنلىرىنى كەچۈرگەن رەھىم مۇسا، سەلەيھاجى داموللامنىڭ ئىنىسى يۇنۇس ھاجىم، مىرئەھمەد سەئىد ھاجىم، ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىم، مولاپولات خەلپىتىم، مۇھەممەد شاكىرۇك، توختى ھاجىم قاتارلىق پېشقەدەملەر كۆپلەپ روشەن دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپتى. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ بالاساغۇن ئارتۇشتا دېگەن قارىشىنى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى، باش تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىي ھازىرغىچە ئىسپاتلاپ كەلدى.

«بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى مەلۇم نۇقتىئىنەزەرنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتۇش شەھىرىنىڭ توپونومىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلىرىغا، جۈملىدىن قاراخانىلارغا ئائىت بىر قاتار تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە بىۋاسىتە ئىلمىي قىدىرىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا جەزملەشتۈرۈلگەن. «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى كىتابىي مەنبەلەر بىلەن ئەمەلىي مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ مۇھىم سەمەرىسى سۈپىتىدە قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەرھۇم پېشقەدەملىرىمىز ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، سەلەيھاجى داموللام قاتارلىق پېشۋالارنىڭ «بالاساغۇن — ئاتۇش ساغان» قارىشى مەدرىس تالىپلىرى ئارىسىدا قېپقالغان ۋە بۇ پېشقەدەملەرنىڭ پاجىئەلىك

ئۆلتۈرۈلۈشلىرى تۈپەيلى ئىلىم دۇنياسىغا يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، بۇ قاراش كەڭ ئاتۇش خەلقى قەلبىدە ساقلانغانىدى.

## 4. «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ ئەكسىچە، ئاتۇش زېمىنىدا بالاساغۇنغا ئائىت جۇغراپىيىلىك، توپونومىيىلىك مەنبەلەر يېتەرلىك تېپىلىدۇ. بىز «بالاساغۇن— باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتىنى ئىككى جەھەتتىن — تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتتىن ئىزاھلايمىز.

ئاتۇش دىيارىغا سۇ - تۇپراق تۈزۈلمىسى جەھەتتىن نەزەر سالغىنىمىزدا مۇنۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز: ئاتۇشنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قاتلام - قاتلام تاغلىقلاردىن ئىككى ئېغىز — بوغۇز ئېغىزى ئارقىلىق قىران ئېقىمى، سوغۇن باچاڭ ئېغىزى ئارقىلىق سوغۇن ئېقىمى ئېقىپ چىقىپ، مۇز دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يىلىغا چەكسىز مىقداردىكى لاتقىلارنى ھازىرقى ئاتۇش دىيارىغا تۆكۈپ، بوغۇز — سوغۇن تېغى بىلەن قۇمال تېغى ئارىسىدا كۆپ قاتلاملىق ئاتۇش بوستانلىقىنى ھاسىل قىلغان. بۇ لاتقا تىندۇرۇلمىلىرى قۇمساڭغىر (يەرلىك تىلدا قۇمسېڭگىر) دا ئۇچبۇرجەك مۇنبەت كۆرپەزلىك شەكىللەندۈرگەن. ھېلىمۇ بۇ لاتقىلارنىڭ قۇمساڭغىر — بەشكېرەم ئارىلىقىدا ئاققۇزغۇچى سۇ دولقۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن دۆمبەل، زۇمچاق ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەخسۇم تۇرسۇنھاجى ناملىق دېھقان توقاي يارلىقىنىڭ 6 - 7 مېتىر تۆۋەندىكى شېغىل قاتلىمىدىن قەدىمكى ياۋا قوتازنىڭ مۈڭگۈزلۈك باش سۆڭىكىنى تېپىۋالغان.

ئاتۇش ئەسلىدە سۇيى يېتەرلىك مۇنبەت زېمىن بولغان. ئۇنىڭ «چارئارچا»، «چارئارچا دەريا»، «چارئارچا بەل»، «ئىرغاي چات»، «قارىغاي»، «توغراقلىق»، «چىم، قورغان»، «كاتتا يايلاق»، «تېكىلىك تاغ»، «قارا تېكە ئاشار تاغ ئاغزى»، «چوڭ قوشقار»، «كۆك قوشقار»، «ئارقار بۇلاق»، «غۇلجا يايلىقى»، «ئېيىقلىق دەريا»، «تەسكەي قاراجىلغا» قاتارلىق جايلىرى ھازىر «نامى ساقلانغان، زاتى قالمىغان» ئەھۋالغا چۈشكەن. «ئارتۇش» دېگەن توپونومىيىلىك نامىمۇ قارائارچا — «ئارتۇچ» دەرىخىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئارتۇچزارلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئارتۇچ — قارائارچا بولۇپ، قىلتىرىق يوپۇرماقلىق، نەچچە يۈز يىل ياشايدىغان ياغىچى قاتتىق دەرەخ، دەپ كۆرسىتىلگەن. «ئارتۇچ سۆكۆت بودىقى يۈز تۈرلۈكنى ئىرغالۇر» (ئارتۇچ دەرەخ شاخلىرى يۈز خىل بولۇپ سىلكىنەر) دېگەن سۆزمۇ ئۇنىڭغا قارىتىلغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەخسۇم تۇرسۇنھاجى ياردىمىدە ئازاق توقاي يارلىقىنىڭ نەم ساقلايدىغان كۆك سېغىز قاتلىمىدىن كۆپلەپ قارا ئارچا ياغىچى ۋە يوپۇرماقلىرىنى تاپقان ۋە ئۇنى جامائەتچىلىككە كۆرسەتكەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇھىتنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىي ۋاسىتىلەر بىلەن قۇرغاقلىشىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئون مېتىردىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن ئارتۇچ دەرىخى قۇرۇپ

كەتكەن. ئۇندىن كېيىن سۇنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلىشى بىلەن توغراق، يۇلغۇن، يانتاق ئاران ئۆسىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مىسال ئۈچۈن قوشنا ناھىيىلەردىن مارالبېشىنى ئالساق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ يەردە توغراق 6 مىليون مو يەر چامىسىدا ئۆسەلىگەن بولسا، 1979 - يىلى 11 ھەسسە ئازىيىپ، 570 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان.

ئەسلىدە بوغۇزدىن چىققان قىران ئېقىمى بىلەن باچاڭ سوغۇن ئاغزىدىن چىققان سۇغۇن ئېقىمى قومساغىردىكى «مورى» (مۇنار) غنچە چۆكمە ھاسىل قىلغان ئۈچبۇرجەك كۆرپەزدە، ئۇخشىمىغان دەۋرلەردىكى «مەدەنىيەت قاتلاملىرى» شەكىللەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئورگىنال شەكلى «قۇز ئوردا» — بالاساغۇن شەھىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق ئۇچۇر بايان قىلىنغان:

«قۇز — تەسكەي. قۇز تاغ — تەسكەي تاغ، تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 3 - توم، 171 - بەت) «قۇز. تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى. تاغ ئارقىسى»، «قۇزتاغ. قۇزدا قار ئېقسۇماس، قويدا ياغ ئېقسۇماس» (تەسكەي تاغدا قار كەمەيمەس، قويدا ياغ ئازايماس)، «ياقۇزدا يورىغلى قالىن كۆقۇتۇز» (تەسكەي تاغدا مارال كۆپ يۈرەر) (سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى تۈزگەن «قەدىمكىي تۈرك لۇغىتى»، 1969- يىل «پەن» نەشرىياتى، 475 - بەت).

«ئوردۇ. خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى ‹ئوردا كەنت› دېيىلىدۇ. كەنت، شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ‹ئورداكەنت› دېيىلىدۇ. بۇ «خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئەفراسىياب شۇ يەردە تۇرغان» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 1 - توم، 168، 447 - بەتلەر).

« ئوردۇ — بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ قۇز ئوردا دېيىلىدۇ» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 1 - توم، 168 - بەت) « ئورد ۇ — بالاساغۇن يېنىدىكى بىر شەھەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالاساغۇننى يەنە قۇز ئوردا دەيدۇ» (ئۆزبېكچە نۇسخا، 1- توم، 145- بەت).

«ئارغۇلۇقلار بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاش ئاھالە ياشايدىغان جايدا شۇنداق شەھەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاساغۇننى قۇز ئولۇسمۇ دەيدۇ»، «ئارغۇ — ئىككى تاغنىڭ ئارىسى. تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەر ئارغۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 1 - توم، 172 - بەت).

تەختيۇن ئېرىق يېزىسىغا بىشارەت بولىدىغان «يۇنئارىق — بالاساغۇنغا يېقىن بىر قىشلاق» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 3 - توم، 197 - بەت) دېگەن جۈملە قاتارلىقلار دەل سالىخ مۇتەللىپوۋ تىلغا ئالغان، بارتولىد كۆڭۈل بۆلىگەن بالاساغۇنغا ئائىــــت «دىۋان»دا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىزگە بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ھازىرقى ئاتۇشنىڭ سۇ - ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى باراقسان ئارتۇچزارلىق بولغانلىقىنى، ئۇ ئوردا كەنت قەشقەر يېنىدىكى سالقىن ئوردا — قۇز ئوردا بولغانلىقىنى، قۇز ئوردا بالاساغۇندىن تالاسقىچە بولغان جايلار ئارىسىدىكى تاغلىق يۇرت بولغان ھازىرقى ئارغۇ يېزىسى ئەتراپىدا ئاھالە ياشايدىغان قىشلاق

ۋە شەھەرچىلەر بولغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئەگەر «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» دېيىلىدىغان بولسا بۇ ئارتۇچزارلىق چۇ - تالاس ۋادىسىغا، بۇ ئارغۇ يۇرتلىرىمۇ چۇ - تالاس ئارىسىدىكى قاراۋالتا، مەرقە رايونلىرىغا يۆتكىلىشكە، جۇملىدىن قۇز ئوردىغا يانداش تۇرغان ئوردا كەنت قەشقەر، بېشكەك ياكى ئىسكاتا، ئىۋانوۋكا شەھەرلىرى ئورنىغا يۆتكىلىشكە توغرا كېلىدۇ. تەنتەنە بىلەن ئېيتىمىزكى، بۇنىڭغا ئەڭ ئالدى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى قوشۇلمىغان بولاتتى.

دەر ھەقىقەت، «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەر بۇ جايدىن توقماق، ئاق پىشىم، چۇئاپ، بۇرانا (مۇنار) قاتارلىق توپىنومىيىلىك ناملارنى كۆرستىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، قۇز ئوردا — قەدىمكى ئارتۇچزارلىقتا «باغلا»، «ساغۇن» (ساغان)، «يارقورغان»، «ساراي بويى»، «ئوي مەھەللە» (پۇلخانا)، «سۇڭ تەخت»، «سوغۇن قاراۋۇل»، «سوغۇن ئېقىن»، «باش سوغۇن»، «ئاياغ سوغۇن»، «سوغۇن ئاغزى تاغ»، «قۇم ساڭىر»، «مورا»، «موراتام» (مورى تىم)، «خان سۇپا» ۋە بالاساغۇننىڭ ئاياغقى توچكىسى بولغان «خان ئۆيى» (خان ئۆي) قاتارلىق توپىنومىيىلىك جايلار بار. ئەگەر ئۇنىڭغا «بۇغرا ئاتام» (بۇغرام)، «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى»، «ئەبۇناسىر سامانى مازىرى»، «مەشھەد» (شېھىتلىك)، «جايى پەچچەم»، «كۆكتام»، «قۇمارتاغ» (ئارسلان تاغ) قاتارلىق تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك جايلارنى قوشقاندا بۇ جۇغراپىيىلىك تەپسىلات تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى قوشۇپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىلگىرى يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە، توقماق نامى ئۆز ئەينى «توقماق» دەپ يېزىلغان.[①] ئارتۇچ بولسا قەشقەر بىلەن بىللە ئەڭ يېقىن ئىككى ياغما شەھىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. 1955 - يىلى موسكۋا گېئودىزىيە ۋە كارتوگرافىيە ئىدارىسى تۈزگەن «س س س ر ئاتلىسى» نىڭ 55 -، 56 - بېتىدە قەشقەرنىڭ شىمالىدا 76 يېرىم مىردىئان، 40 پاراللېلدا كاتتا يايلاق بىلەن قاراجۇل ئارىسىدىكي باش سوغۇن ئالاھىدە ئالامەتلەندۇرۇلگەن.

«بالاساغۇن ئارتۇچ (باغلا ۋە ساغۇن)» قارىشىنى رەت قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئاساسلار ئورنىغا ئاساسلىق، ئەبزەل باشقا ئاساسلارنى دەسستىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلارمۇجەسسەم — بىر يۈرۈشلۈك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

## 5 . «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تەپسىلاتى

مەلۇمكى، بالاساغۇن نوقۇل جۇغراپىيىلىك - توپىنومىيىلىك كاتېگورىيە بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر — تۈرقۇز ئوغۇز ياغمىلىرىغا خاس بولغان ئېتنولوگىيىلىك - توپىنومىيىلىك كاتېگورىيە. ئۇنى ئۆزىگە خاس مىللىيەتلىكتىن ئايرىپ تەسسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە بالاساغۇننىڭ ئۇيغۇر شەھىرى ئىكەنلىكى، بالاساغۇندا ئاپىرىدە بولغان

① ئابېتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 329 - بەت.

مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىلا ئەھمىيىتى زور بولۇپ قالماستىن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر ياغما قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر سەلتەنىتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتىمۇ ئەھمىيىتى زور. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق روشەن مەسىلىدىمۇ چىگىشلىكلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بىرىنچى، بالاساغۇن — غەربىي ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇز شەھىرى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى يازما مەنبەلەرنى تىلغا ئېلىش كۇپايە قىلىدۇ:

خەلىپە مەھدىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن 771 - يىلى توققۇز ئوغۇز زېمىنىغا كەلگەن مۇسۇلمان سەيياھى ياقۇبى قارلۇقلار ئۆز تۆرىلىرىنى «يابغۇ»، تۈبۈتلىقلار «جايزۇن»، چىنلىقلار «پەخپۇر»، توققۇز ئوغۇزلار «خاقان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ ھەقتە مىلىنوۋسكىي توققۇز ئوغۇزلار ئەڭ ئالىي ئۇنۋان بولغان «خاقان» ئىبارىسىنى قوللانغانلىقىنى ئېلىشتۈرۈپ جەزملەشتۈرگەن.[①]

821 - يىلى توققۇز ئوغۇز بارگاھىغا بارغان ساياھەتچى تەمىن ئۆز خاتىرىسىدە: «بارلىق تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇلاردىن قۇدرەتلىكى يوق. ئۇلار توپلىشىپ قارلۇقلار بىلەن جەڭ قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يۈز ئادىمى قارلۇقلارنىڭ مىڭ ئادىمىگە تېتىيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار غالىپ» دېگەن[②].

846 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇسۇلمان سەيياھى ئىبنى خۇردادبىخ ئۇچراشقان. 913 - يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە تۇرپان (چىنجىكەنت)، بېشبالىق (پەنجىكەنت) توققۇز ئوغۇزلار پايتەختى، «توققۇز ئوغۇزلار ئېلى تۈرك ئەللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى»، «تۈركىستاندىكى بارلىق خانلار ئىلگىرى توققۇز ئوغۇزلاردىن چىققانتى» دېيىلگەن.

944 - يىلى يېزىلغان مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرىدە (بىر ئەسىردىن كېيىنكى 1048 — 1052 - يىللىرى يېزىلغان ئەبۇسەئىد گەردىزىنىڭ «زەينۇلئاخبار» ناملىق ئەسىرىدە) ھەتتا پەرغانە ۋە تاشكەنت ئەللىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋەلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئىبنى ھەۋقەل ئىشلىگەن خەرىتىدە سىر دەرياسىدىن ئىچكى جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئۈستىگە توققۇز ئوغۇز ئىبارىسى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خەرىتە ئابېتاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخىي تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 330 - بېتىگە كۆچۈرۈپ ئېلىنغان.

947 - يىلى ئارسلانخان ۋاقتىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاختاخەتتە: «ئەلب ئارسلان قۇتلۇغ كۆل بىلگە تەڭرىخان» نىڭ غەربىي ساجۇدىن شەرقتە ئۈچ (ئۈچ)، بارسخانغىچە باشقۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.[③]

سۇڭ سۇلالىسىدىن 980 - يىلى ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇنىڭ زېمىنى جەنۇبتىن خوتەنگە، غەربىي جەنۇبىي ئەرەب، پارسقا، غەربىي ھىندىستان، پىشاۋۇر، قارلىقتاغ (ھىندىقۇش)، كوكئارد تېغىغا تۇتاشقان مىڭلىغان يول ئۈزۈلنلۇقتا» دەپ يازغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 940 - جىلد

---

① مىلىنوۋسكىي: «تەمىن» («شەرقىي ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتۇتى ئاخباراتى»، 12 - توپلام، 301 - بەت.
② ئابېتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخىي تەتقىقاتى»، 292 - بەتتە نەقىل قىلىنغان.
③ ئابېتاكېئو كىتابى، 267 - بەتكە قارالسۇن.

بىلەن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا، ساجۇ - گەنجۇدىكى ياغلىقارلار قالدۇق قەبىلىلىرى قۇرغان سېرىق ئۇيغۇرخانلىقى «ئۇيغۇر» دەپ، ئادىز، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان توققۇز ئوغۇزلار «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان.①

ياپونىيە تارىخچىسى ئابېتاكېئو (ئەن بوجيەنفۇ) ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىلار «بىلەن بېشبالىقنىڭ خانلىق جەمەتى بىر مىللەت ئىدى» (237- بەت)، ئۇلار «توققۇز ئوغۇز ياكى ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ هاكىمىيىتى ئىدى» (376 - بەت)، «ئۇلار ئارىسىدا XI ئەسىر بېشىدا دىنىي زىددىيەت كۈچەيگەچكە بىر پۈتۈن غەربىي ئۇيغۇر ئېلى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ كەتتى» (376 - بەت) دەپ يازىدۇ. پروفېسسور گىرىگورىيېۋ 1874 - يىلى «روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى خاتىرىلىرى»نىڭ 17 - تومىدا: بالاساغۇن — بۇغراخان شەھىرى، باشقا تۈركىستان پايتەختلىرى قەشقەر، خوتەن، تالاس ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. ئۇ يەنە ماۋارەئۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ بۇخارانى قولغا كىرگۈزگەن، دەپ ②يازغان. يۇقىرىقىلار بالاساغۇننىڭ بىر پۈتۈن غەربىي ئۇيغۇر — توققۇز ئۇيغۇرلار شەھىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنىڭدەك، توققۇز ئوغۇز — غەربىي قانات ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ياغلىقار قەبىلىسى قۇرغان ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە شانلىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى. بالاساغۇن ياغمىلار شەھىرى.

جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ساتۇق تۈركلىرى (沙陀) دەپ ئاتالغان توققۇز ئوغۇزلار ئىبنۇل ئەسىر (1160 — 1233)نىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ئەبۇل فىدا ۋە ئەبۇلھەسەن مەسئۇدىدىن ئالغان مەلۇماتلار ئاساسىدا تىلغا ئالغان «خوراساندىن چىنغىچە» بولغان كەڭ زېمىندىكى توققۇز ئوغۇزلارنى پروفېسسور گىرىگورىيېۋ توققۇز ئۇيغۇرلار دەپمۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ③ دې گوئىگنىي، فرائېخن، رېنائۇد قاتارلىق شەرقشۇناسلار قاراخانىلارنى ئۇيغۇرلار قۇرغان خاندانلىق دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ②

بارتولىد «تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 254 - بېتىدە، قاراخانىلارنىڭ بالاساغۇننى ئاساس قىلىپ كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: قاراخانىلار «توققۇز ئوغۇزلار تارمىقى بولغان ياغمىلارنىڭ»، «توققۇز ئوغۇز رەھبەرلىرىنىڭ هاكىمىيىتى» دەپ تىلغا ئالغان. ئۇ «ئىسلام قامۇسى»نىڭ «تۈركلەر» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە، بالاساغۇننى ياغما شەھىرى دەپ تەكىتلىگەن. مىلىنوۋىسكىي «ھۇدۇدۇل ئالەم»گە بېغىشلىغان ئوخشاش نامدىكى ئەسىرىنىڭ 208 - بېتىدە: «قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ياغمىلار گۇرۇھى تۇپەيلى باش كۆتۈرگەن، بۇ شۈبھىسىز پاكىتتۇر»، «توققۇز ئوغۇز ياغمىلىرىنىڭ خانلىرى مۇشۇ خەلقلەر خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى»③ دەپ كۆرسەتكەن. گىرىگورىيېۋ قاراخانىلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ساتۇق قاراخان نامىدا ئاتالدى، ئۇ ھەم بۇغراخان بولۇپ، بالاساغۇن بۇغراخان تۇرغان شەھەردۇر. دەپ يازغان. ④ گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئاخبار» ناملىق

① ②③④ئابېتاكېئو كىتابى، 303 -، 277-، 303-304-، 309-، 277- بەتلەر.

ئەسىرى بىلەن «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ياغمىلاردىن چىققان خانلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشلىقلىرى ئىكەنلىكى بىردەك تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئىبنۇل ئەشىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ياغمىلارخانى بۇغراخان، دەپ يېزىلغان.[①]

ياپونىيە تارىخچىسى ئابېتاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 303 ـ 304 ـ بەتلىرىدە كۆپلىگەن ھۆججەتلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، قانداق مەنىدە ئېيتىلمىسۇن ياغمىلار قاراخانىلارغا ئاساس سالغان دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىللە، شۇ كىتابىنىڭ 324 ـ بېتىدە قەشقەر بالاساغۇن ئارسلانخانلىقىنىڭ «قاراخانىلار گۈللەنگەن دەۋردە خاقانىيە دەپ ئاتىلىشى پۈتكۈل توققۇز ئوغۇز خانلىق جەمەتىنىڭ شۆھرىتىنى گەۋدىلەندۈردى» دەپ يازغان.

ئۈچىنچى. بالاساغۇن — بويلاساغۇن بىنا قىلغان شەھەر.

بالاساغۇن ئىبارىسىدىكى «ساغۇن» سۆزى بىلەن قۇز ئۇلۇس ئىبارىسىدىكى «ئۇلۇس» سۆزى ئۇيغۇرلاردا ئەمەل ۋە قەبىلە — ئاھالە تۈركۈمى نامى سۈپىتىدە تولىمۇ كونا ۋە خېلى كەڭ ئىستېمال قىلىنغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490 ـ جىلد 8 ـ بېتىدە بەگ ساغۇن (梦索温) ناملىق تۇرپان ئەمەلدارى تىلغا ئېلىنغان. فىللىيوت دۇڭخۇاڭدىن تاپقان 3046 ئىندېكس قويۇلغان تۈركچە تېكىستتە قۇت ساغۇن دېگەن ئىبارىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. فىللىيوت قۇت ساغۇننى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1008 ـ يىلقى ۋەزىرى دەپ ئىزاھلىغان، يەنە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490 ـ جىلد 5 ـ بېتىدە خوتەنلىك 1009 ـ يىلقى روساغۇن ناملىق ئەلچى، 16 ـ بېتىدە 1025 ـ يىلقى گەنجۇ ئۇيغۇرخانلىقى ۋەزىرى ساغۇن ئىيا (撒温讹)نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. «بەش دەۋر تارىخى»دا سانغۇن — سەركەردە دەپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئاتاساغۇن — تېۋىپ دەپ ئىزاھلانغان.

موللېر 1915 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى ئۇيغۇرچە تاختا خەت» ناملىق ماقالىسىنىڭ 26 ـ بېتىدە: «ئېل ئوغاسى ئەلب توتۇغ ئۆگە قۇتلۇق قوجو ئۇلۇسۇغ» (قۇتلۇق قوجو ئېلىنىڭ باشچىسى ئەلب تۇتۇغ ئۆگە) دېگەن سۆزىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلغان. فىن. لىكوك 176 . T. M — نومۇر قويۇلغان مانى يېزىقىدىكى پارچە سەھىپىسىدە: «قۇجۇ ئۇلۇس ئىكى ئوتۇز بەلق قۇتى ۋە شىسكى» (قۇجۇ ئېلى ۋە يىگىرمە ئىككى شەھەرنىڭ بەخت ھامىيسى) دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىغان. روشەنكى، قۇز ئولۇس، قۇز ئوردا، بالاساغۇن قاتارلىق ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئادەتلىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئومۇمىي ھادىسە.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە بالاساغۇن — بويلاساغۇن شەھىرى (裴罗将军城) نامىدا ئىزاھلانغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، شۇندىن كېيىن ئىلگىرىكى قەشقەر (سۇللۇق) تەخەللۇسى ئورنىغا بويلا تەخەللۇسى قوللىنىلغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. مەسىلەن، كومىراجىۋا دەۋرىدىكى ماھايانا ئالىملىرىدىن قەشقەرلىق سۇما، باھادىرالار سۇللۇق سۇما، سۇللۇق باھادىرا دەپ يېزىلغان بولسا، بويلارساغۇندىن كېيىنكى قەشقەر ئەدىب ۋە سەنئەتچىلىرى

---

① ئېبېتاكېئو كىتابى، 303 ـ بەتكە قارالسۇن.

بويلا سۆزىنى يۇرت تەخەللۇسى قىلىشقان. بۇنىڭغا بويلاخۇيلان ( 裴慧琳 ، 737 ـ 820 ) ، بويلاشىنفۇ ( 裴兴符 ) ، بويلاشىنۇ ( 裴兴奴 ) ، بويلاشەنسەي ( 裴善才 ) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

تارىخي مەنبەلەردە بويلاسانغۇننى بۆكەخان، توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تەڭرى قاغانى ( ئۇلۇغ تەڭرىدىن قۇت بولمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان ) ، مۇيۇنچۇرنىڭ دادىسى دەپ ئىنزاھلانغان. ئۇ 715 ـ يىلى ئۇرخۇندا تەختكە چىقىپ 744 ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلىپ بېشباشلىقنى ئىشغال قىلىپ، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاساس سالغان، «كامىئۇل تەۋارىخ» ، دۇسسۇن «مونغۇل تارىخى» دا ئۇنىڭ تۈركىستان تەرەپكە قوشۇن تارتىپ، خۇش ھاۋالىق چوڭ بىر يايلاق يېنىدا بالاساغۇن شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇ گاۋ شەنزى قوشۇنلىرى بىر مەزگىل تۇرغان چۇئاب ( توقماق ) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوجو ۋە بالاساغۇن ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن بۆكەخان قەدىمكى تۇران شاھى ئەپراسىياپ بىلەن بىر گەۋدە قىلىنغان لېگىندىلىك قەھرىمان ھېسابلانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى تېكىستلەردە، ئىبنۇل ئەشىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، جۇۋەينىنىڭ «تارىخي جاھان كۇشاي» ناملىق كىتابىدا، دۇسسۇننىڭ «مونغۇل تارىخى» ناملىق كىتابىدا بۆكەخان — ئەپراسىياپ بىر ـ بىرىگە ياندىشتۇرۇلىدۇ. گرېنارد: «943 ـ يىلقى مەسئۇدىدىن كېيىنكى مۇئەللىپلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن كۆي توۋلىغاندەكلا بۇغراخان سۇلالىسىنى ئەپراسىياپقا تاقايدۇ»[①] دېسە، بارتولىد «ئىسلام قامۇسى» نىڭ «ئىلىخانىلار» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە قاراخانىلار ئۆز ئەسلىنى «پېرسىيە تارىخىدا سۆزلەنگەن ئەپراسىياپ جەمەتى بىلەن باغلايدۇ» دەپ يازىدۇ. ئابېتاكېئو قاراخانىلارنىڭ ئۆز خانلىقىنى «ئىد دۆلىتى ئەپراسىياپ» ، «خاقانىيە» دەپ ئاتىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قالماستىن، ھەتتا بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى موڭغۇل دەۋرىدىمۇ بۆكەخاننى تۇنجى ئاتاخان دەپ قاراپ، ئۇنى ئەپراسىياب بىلەن بىر كىشى دەپ قارىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.[②] ئابېتاكېئو ھەتتا «بۆكەخان شۇ كىشى ئىكەنلىكى مۇتلەق خاتا ئەمەس»[③] دېگەن دەرىجىگە يەتكەن. بىز مەسىلىنى مۇنداق مۇتلەقلەشتۈرمىسەكمۇ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئېتنىك بىردەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز.

بالاساغۇننىڭ ئۇيغۇر ئېتنولوگىيىسىگە تەئەللۇقلىقى ئۇنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللەتلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئېتنىك تۈرمۇش ھالىتى بىلەن بىردەك بولغان. يېقىندا ئارتۇچ باغلا — ساغان — سالافلار — قۇمساڭىر — ئاققاش ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرمۇ ئەينى زامان ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتى بىلەن بىردەكلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنى ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلىش مۇمكىنكى، مۇنداق ئېتنولوگىيىلىك ئاساس بولمىغاندا ئىدى، ئورخۇن خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربىي زېمىنغا يۆتكەلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار مۇنداق تېز گۈللىنىپ، باغداد خەلىپىلىكىگە

---

① «ئاسىيا ژۇرنىلى» ، 1900 ـ يىلى، 19 ـ بەت.
② ئابېتاكېئو كىتابى، 259 ـ بەتكە قارالسۇن.
③ شۇ كىتاب، 146 ـ بەت.

تەھدىت سالغۇدەك رىقابەتچى كۈچ بولۇپ چىقىشى مۇمكىن بولماس ئىدى. ۋەھالەنكى، گەنجۇدا ھاكىمىيەت قۇرغان ياغلىقار ئۇيغۇرلىرى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچكەن ئادىز قەبىلىلىرىدەك روناقلىقىقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 - توم، 615- بېتىدە (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى) تىلغا ئېلىنغان بالاساغۇندا ئۇلتۇراقلاشقان ۋە تۈركلىشىپ كەتكەن سوغدىلار توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، بۇنداق تۈركلىشىش دەل ئۇيغۇرلىشىش بولۇپ، ئۇيغۇر ياغمىلىرىنىڭ سودا - سېتىق ماھارىتى بىلەن تولىمۇ ئۇيغۇن بولغان.

## 6. «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ تارىخىي مەنتىقى تەپسىلاتى

بارتولىد ۋە «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەر سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە بىر كېيىندىلا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ تاغىسى ئوغۇلچاق قىدىرخاننى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ئىسلاملاشتۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بارتولىد «ئىسلام قامۇسى»نىڭ «تۈرك» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە: ساتۇق بۇغراخان ئىسلامنى بالاساغۇندا قوبۇل قىلغان دېيىش بىلەن بىللە، مۇشۇ قامۇسقا يازغان «بالاساغۇن» ناملىق ماقالىسىدە بالاساغۇننى توقماق دەپ ھۆكۈم قىلىپ، يول قويغىلى بولمايدىغان تارىخىي مەنتىقى يېشىلىشقا يول قويىدۇ. بارتولدنىڭ بۇ قارىشىنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى توغرىسىدىكى موللاھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسىرى، «تەزكىرەئى ئۇۋەيسى»نىڭ بۇغراخان تەزكىرىسى قىسمى، ئەبۇناسىر سامانى تەزكىرىسى قىسمى، جامال قارشى يازغان «سوراخ» لۇغىتىنىڭ قوشۇمچە تەۋشىيە قىسمى، ئىبىن ئەشىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق يازما مەنبەلەر بىلەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، ئەبۇناسىر سامانىنىڭ ئاتۇشتىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر ھەم رىۋايەتلەرگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

بىرىنچى. 893 - يىلى ئەھمەد سامانى قوشۇنلىرى تالاس - چۇ ۋادىسىنى (جۈملىدىن ئوترارنى) ئىگىلىگەن بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تالاستا تۇرغان سەركەردىسى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىم ئوغۇلچاقنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇن مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى ئىسلاملاشقان سامانىلار قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن. تالاس- چۇ ۋادىسى 893 - يىلدىن 943 - يىلى ساتۇق بۇغراخان بۇ قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالغىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە سامانىلار قولىدا تۇرغان ۋە ئىسلاملاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى. 893 - يىلى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنگەندە ئاتۇشتىكى، باشقىچە ئېيتقاندا بالاساغۇندىكى ئاكىسى بازىل بۇغراخان (بۇغرا ئاتام) تېخى ھايات بولغاچقا، ئوغۇلچاق بالاساغۇندا ئەمەس، قەشقەرگە ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۈچىنچى. بازىل بۇغرا ئاتا ئاتۇشتا ۋاپات بولغان، ئۇ يەردە دەپنە قىلىنغان بولۇپ،

بۇ چاغدا ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئاتۇشتا ياشاۋەرگەن. خانلىق ئوغۇلچاق قولىغا ئۆتۈپ، قەشقەر بالاساغۇنغا نىسبەتەن ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغان. ۋەھالەنكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان گۆدەك ھالەتتە توقماقتا تۇرۇشى ۋە قۇدرەتلىك سامانىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، خاتىرجەم ياشىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دادىسىدىن گۆدەك قېلىپ تاغىسى ئوغۇلچاق ھىمايىسىدە ئۆستى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئاتۇشتىن ئىبارەت بالاساغۇندا — قەشقەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

تۆتىنچى. ئەبۇناسىر سامانى، ئەبۇل پەتتاھ قاتارلىق سامانىلار جەمەتى ئەزالىرى سامانىلارخانلىقى ئوردا ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى سامانىلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان قاراخانىلارغا پاناھ تىلەپ يولغا چىققاندا، ئۇلار سامانىلار قولىدا تۇرۇۋاتقان تالاس - چۇ ۋادىسىغا قاراپ يولغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. روشەنكى، بۇخارادىن قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈن پەرغانە (ئۆز كەنت) رايونىدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى، توقماققا بېرىش ئۈچۈن شاش (تاشكەنت)، ئىسپىجاب رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى. توقماقتىن ئاتۇش - قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈنمۇ بارسغان (ئىسسىق كۆل)، ئۈچ (ئۇچتۇرپان) يولىدىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇخارا، تالاس، قەشقەر ئۈچ بۇرجىكنىڭ ئارىسىدىكى بەھەيۋەت تاغلار تۈپەيلى، بۇ ئۈچ بۇرجەك بوستانلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە تۇتاشمايدىغان تاغ يوللىرى بولغان.

بەشىنچى. 932 - يىلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چۇ ۋادىسىغا بارغان بولماستىن، بەلكى ئاتۇشتا، بارتولىد سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بالاساغۇندا بۇ يەرگە كەلگەن ئەبۇناسىر سامانىدىن بۇ دىننى قوبۇل قىلغان. بۇ چاغدا سۇلتان ساتۇق 16 ياشتا بولۇپ، ئۇ 916 - يىلى، يەنى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنىپ 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن توغۇلغاچقا، ئۇ تالاس - چۇ ۋادىسىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولمىغان. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بۇ جايلارنى سامانىلاردىن 943 - يىلى قايتۇرۇۋالغاندا 33 ياشلىق نەۋقىران يىگىت ئىدى.

ئالتىنچى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئۆز ھەمرالىرى بىلەن بىر كېچىدە بالاساغۇندىن چىقىپ، قەشقەردىكى ئوغۇلچاق قىدىرخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قاراخانىلارنى ئىسلاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ بالاساغۇن ئارتۇشتا بولماي، ئۈچ، بارسغان ئارقىلىق ئۇزاق يول بېسىپ بېرىلىدىغان توقماقتا بولۇشى مەيلى ۋاقىت، مەيلى مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن تارىخىي مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھال، بالاساغۇننىڭ قەشقەر يېنىدىكى قوز ئوردىدا ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

يەتتىنچى. ئاتۇشتا ھازىرمۇ «بۇغرا ئاتام» (بۇغرام)، «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان»، «ئەبۇ ناسىر سامانى» قەبرىلىرى، سۇلتان بۇغراخانىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئائىت «جايى پەچچەم»، «كۆك تام» قاتارلىق جايلار ۋە بىر يۈرۈش ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان رىۋايەتلەر ساقلانغان. ۋەھالەنكى، بۇلار توقماق بۇرانا ئەتراپىدا مەۋجۇت ئەمەس.

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكى بۇ تارىخىي مەنتىقىي ئاجىزلىق بالاساغۇننىڭ قەشقەر — ئوردا كەنتتىن يىراق توقماقتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلسا كېرەك. ئەھمەد سامانى قەبرىسى بۇخارادا بولغىنىدەك، سۇلتان

ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى ئاتۇشتا تۇرۇپتۇ!

## 7. «بالاساغۇن — باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەپسىلاتى

ئاتۇشتىن تېپىلغان 20 — 30 مىڭ يىللاردىن ئىلگىرىكى تاشقا ئايلانغان ئادەم كاللىسى ئەجدادسىز ۋە ئەۋلادسىز يەككە - يېگانە ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يۇرتتا ئۇيغۇر — ئارىئان ساكلىرى، ئازغۇ — ياغما قەبىلىلىرى ئۇزاقتىن ياشاپ ئوخشىمىغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قاتلىمى قالدۇرغان.

رىھىم مۇسا ناملىق پېشقەدەم ماگا بەرگەن بىر تەرىپىگە تاغ تېكىسى سۈرىتى، بىر تەرىپىگە كۇشان پۇللىرىدەك شاھانە تاج چۇشۇرۈلگەن قىزىل مىس سوقما پۇل بۇ جايدا خاقانىيە دەۋرىدىن ئىلگىرىمۇ پۇل چىقىرىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئاتۇش دىيارىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن جەسەت سۆڭەكلىرى، ھەر خىل تامغىلىق مىس پۇللار، قاش ۋە مارجان، ھىقىق قاتارلىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ھەر خىل سىرلانغان «چەيشەكەل» (كاھىش) پارچىلىرى، كۆپ ۋە ئىدىشلار، تۆمۈر داشقاللىرى بۇ جاينىڭ ئاھالىسى نۇرغۇن ئاۋات ماكان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش سىرلىق رىۋايەت - ئەپسانىلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتۇشنىڭ ئازغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، ئالتۇن ئاتۇش قاتارلىق رايونلىرىدا قەدىمكى ئاھالە ياشىغان نۇقتىلار، ھەتتا قورغان قالدۇقلىرى، مەشھۇر زاراتگاھلىقلار خارابىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار ئۆز ئالدىغا خاس ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەر ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەردىكى نۇقتىلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىر-بىرىگە ئوخشىغان ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان.

بۇ ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەرلەر ئىچىدە بالاساغۇن شەھىرىگە ئائىت مەدەنىيەت قاتلاملىرى باچاڭ — سوغۇن ئېغىزى ئېقىمى بىلەن بوغۇز — قىران ئېقىمى يېقىنلاشقان جايلارغا مەركەزلەشكەن.

ھازىرقى ئازاق يېزىسىغا قاراشلىق توقاي كەنتى بىلەن سالافلار يارلىقى، ھازىرقى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ تۆر كۆلدىن سۇنتاغ توقاي كەنتىگىچە بولغان ئاياغ قىسمى قەدىمكى ئارچىزارلىق ساپ ھاۋاسى ئىچىدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بالاساغۇن شەھەر رايونى ئىدى. بۇ شەھەر رايونى سۇنتاغ ساغان (سوغۇن) كەنتىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز ئىچىگە «سالافلار»، «نۇرىن بۇلاق»، «يار قورغان»، «خەندەكلىك»، «ساراي بويى»، «قوشقار ئاتام»، «تۆركۆل» قاتارلىق جايلارنى ئالغان.

مەخسۇم تۇرسۇنھاجى ناملىق دېھقان نەق مەيداندا 2 كىلومېتىردىن ئۇزۇن شەھەر قورغىنىنىڭ ئىز خارابىسىنى كۆرسەتكەن. بۇ يەردە تام — قورغاننىڭ ئەتراپىدىكى بوز زېمىندىن قاتتىق ئىزى ساقلانغان. شەھەرنىڭ باش تەرىپىدە قاراخانىلارغا ئائىت «سۇلتان تەھۇر» (پاكلىق)، «سۇلتان زەھۇر» (ئوچۇق - ئاشكارىلىق) ناملىق مازار؛ شەھەرنىڭ ئايىغى (سۇن تەخت) دا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە،

هازىرقى ئازاق يېزىسىنىڭ «باغلا» دېگەن جايىدا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىلىرى بارىگاھ قۇرغان.

«سالافلار» قۇمساڭىر بىلەن بالاساغۇن شەھىرى ئارىسىدا بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىلگىرىكى خان-پادىشاھلار قەبرىگاھى بولغان. ئۇ يەردىكى «سۆكەك يار»دا نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر كۆمۈلگەن. بۇ ئەتراپتىكى سېپىل ئۇرنى ئەتراپىدىن مەخسۇم تۇرسۇنھاجىنىڭ بوۋىسى ئابدۇگۇل ھاجىم كۆمۈش تەنگە ئاقچىلار تاپقان، يەنە يۈز كىلولاپ مىس پۇل تاپقان. ئابدۇغۇپۇر تۇردى 1974-يىلى سالافلار قەبرىگاھلىقىنىڭ ئايىغىدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇرۇلغاندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇستۇن ئارتۇشنىڭ لەنگەر كەنتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مۇتىئى، قارى ئىككىسى كۆك سىرلىق ساپال كوزىغا («چەشكەل») سېلىنغان سوقما تەنگە ئاقچا تاپقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پۇللار مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ يۈلەنگە تاپشۇرۇلغان. ئۇنى ناھىيە ھاكىمى تۇرسۇن سائادەت 1977-يىلى 4-ئايدا كۆرۈپ، بىر تەرەپتە ئەرەبچە سۆزە، يەنە بىر تەرەپتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولغاچقا ئوقۇيالمىسىمۇ، يىلنامىسىغا قاراپ، شۇ چاغدىن 717 يىل ئىلگىرى چىقىرىلغان دېگەن تونۇشقا كەلگەن. ئابدۇرېشىت سەلەي ناملىق پېنسىيىگە چىققان كادىرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 1944-يىلى چوڭ سەل (سۇ ئاپىتى) كەلگەندە سالافلار ئاستىدىكى سۇ ئېقىمىدىن تۈركۈللۈك خوجائاخۇن ئىسىملىك كىشى بىر ئالتۇن تاج تېپىۋېلىپ، ئۇنى مۇھەممەت مىسكەرگە كۆرسىتىپ پارچىلىغان. بۇ ئىشنى ئەينى زاماندىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلىپ قېلىپ تارتىۋالغان. شۇندىن كېيىن، خوجائاخۇننى خەلق «خوجەك ئالتۇن» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدىغان بولغان.

«نۇرۇن بۇلاق» قەدىمكى چاغلاردا نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان بوستانلىق جاي بولغانلىقى مەلۇم.

«يار قورغان» بالاساغۇندىكى ئىچكى قورغان بولۇپ، 85 ياشلىق مۇھەممەت موللا شاڭزۇڭ 8 — 10 ياش چېغىدا بۇ يەردە قاراخانىلاردىن قالغان بىر ھەربىي قورغان خارابىسىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قورغاندا ئانچە-مۇنچە ئۆي، ئوچاق، تەكچىلەر ساقلىنىپ قالغان. قورغان سىرتىدا «توقاي خەندەك» بولغان. بۇ قورغان توپىسى مۇندىن 75 يىل ئىلگىرى ئوغۇت قىلىپ تۆكتىلگەن. مۇھەممەت موللاشاڭزۇڭنىڭ چوڭ ئانىسى مەلىكە خان چوڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بۇ نەۋرىلىرىگە يەتكۈزگەن. بۇ سۆزچە، بۇ تاشلاندۇق قورغان دەرۋازىسىنى كېسەكتە توساپ، كىچىك ئىشىك بېكىتىپ، ئاشلىقلىرى ۋە بالا-چاقىلىرىنى قورغانغا كىرگۈزۈۋېلىپ، بېشىپ كىرگەن قىپچاق تۆرىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرگەن، سېپىلدا تۇرۇپ تاش ئاتقان. بۇ بىزگە قىرغىز قىپچاقلىرى تۆرىسى ئاقباش خاننىڭ XVII ئەسىردە قارا تاغلىقلار تەرىپىدە تۇرۇپ، ئاقتاغلىق خوجىلارغا ئەگەشكەن ئاتۇش خەلقىغە قارشى تۇرغانلىقىدەك كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ. مۇھەممەد موللا شاڭزۇڭ ئېنىق قىلىپ: بالاساغۇن شەھىرى 850-يىلىدىن XIII ئەسىرگىچە قاراخانىلارنىڭ ئاۋات شەھىرى بولغان دەپ قەيت قىلدى.

«ساراي بويى» تۈركۆلنىڭ توقاي يارلىقى تەرىپىدە قالغان. ئۇ «ساغۇن» (ساغان) مەھەللىسىگە يېقىن بولۇپ، بۇ يەر شەمسىدىن داموللامنىڭ زېمىنىغا تۇتاش. بۇ يەردىن

1980 - يىلى 3 - ئايدا ئالىمجان ناملىق دېھقان غىش خۇمدانىغا توپا كولىغاندا نۇرغۇن ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن بىللە، تۆمۈر داشقاللىرى، كۆكۈس (قوقاس) بولغان ئوتۇن كۆمۈرى قالدۇقلىرى ۋە نۇرغۇن مىس پۇل تېپىلغان. بۇ مىس پۇللارنى ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئوچېرك» (1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 198 - بېتىدە، 17 مىڭدىن ئارتۇق، 130 كىلو ئەتراپىدا دېيىلگەن.

«ئۇي مەھەللە» سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىغا يېقىن بولۇپ، رېھىم مۇسا ناملىق كىشىنىڭ ئايدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە ئېسپاتلىشىچە، 1981 - يىلى شۇ يەرلىك ئىسا داخان ناملىق دېھقانىنىڭ ئابدۇرېھىم دېگەن ئوغلى ئېرىقتا سۇ باشلىماقچى بولۇپ ئېرىق يېنىنى كولىغاندا يېرىم تاغارچە مىس پۇل چىققان. ئانچە ئۆتمەي بۇ جايدىن مىس ئېرىتىدىغان ئوچاق بىلەن مىسنى تاختا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى دۆگىلەك كەسكۈچتە ئۈزۈپ كېسىپ پۇل ياسىغاندا ئېشىپ قالغان ھەرە خەنىكىدەك مىس پارچىلىرى تېپىلغان. دېمەك، بۇ قاراخانىيلارنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئاقچا ياسايدىغان كارخانىسى بولۇپ چىققان. ئەپسۇسكى، قورغان توپىلىرى ئۇغۇت قىلىنغاندەك، بۇ مىس ئاقچىلارنىڭ كىلوسىنى سەككىز مودىن مىسكەرگە سېتىپ، ھارۋا قوڭغۇرىقى قىلىۋەتكەن!

سالافلار مازارلىقى، قۇمساڭىر ئايىغى، قۇمار تاغ (ئارسلان تاغ) تۇگۇگەن جايدا قەدىمكى بالاساغۇن شەھىرى سىرتىدىكى يەنە بىر ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەر بار بولۇپ، ئۇ «مورا»، «خان ئۆي» خارابىسىدىن ئىبارەت. «مورا» ئۇيغۇرچە مۇنارە دېگەنلىك بولۇپ، ئوچاقنىڭ مورا — تۈرخىنىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇنارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى «مورا»[1] ئۈچ قەۋەت يۇل سۇپا ئۈستىگە بىر تەرىپى كەڭ سېغىز قىلىن كېسەك بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئەسلىدىكى جەنۇب تەرەپتىكى ئىشىك ئۈستىگە ئارسلان (يولۋاس) بېشى قاپارتما نەقىش قىلىنغان. مۇنار ئىچى پەلەمپەيلىك بولۇپ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ غەربىدە 35 كۋادرات مېتىر كەڭلىكتە تۆت شەكىللىك ئېگىز كېسەك قورۇلما بار. بۇ تۆت شەكىللىك قورۇلما قاتتىق پەرمان تۈپەيلىدىنلا ياسىلىدىغان ئېغىر ئەمگەك مۆجىزىسى. بۇ قورۇلما بىلەن مۇنار ئارىلىقىدا ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا شەيخ ئۆيى تېمى خارابىسى ساقلانغان.

بۇ قورۇلما تۆر دېيىلسە، تۆرنىڭ بىر يورۇش بولۇش كېرەكلىكى قائىدىسىگە سىغمايدۇ. بۇ مۇنارە بۇددا مۇنارىسى دېيىلسە، ئۇنىڭدا «شادىرا» (جەسەت كۆل مۇنارىسى) نىڭ ئالامەتلىرى يوق. ئىسلام قائىدىسىدىكى مۇنارە، مەسچىت ۋە قەبرىلىك ئۈچى بىر گەۋدە بولۇشى ئۆلچىمىگە كۆرە، تۆر شەكىللىك قورۇلما چوقۇم قەبرىلىك بولۇشى لازىم. بىز بۇنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇلچاق قىدىرخاننى ئىسلامغا كىرگۈزەلمەي، ئۇنى قەتىل قىلىشقا تۇتۇنغىنىدا، يەر تەۋرەپ ئوغۇلچاقنى يەر يۇتكەن دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن، سۇلتان ساتۇق ئەمرى بىلەن ياسالغان ئالاھىدە قەبرىگاھ بولۇشى ئېھتىمال دەپ قارىدۇق. دىنىي رەقىبى ۋە نەسەب ئەجدادى زىددىيەتلىرى تۈپەيلى، ئۇنىڭ روھىنى بولسىمۇ مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلىش ھەم ئىسلام تەنتەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ مۇنارە

① ئورنى شىمالىي پاراللېل 18″ . 16′ . 76° ، شەرقىي مېرىدىئان 22″ . 16′ ، 39° غا جايلاشقان.

ۋە مەسچىت ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر تەخمىن، ئەلۋەتتە. «خان ئۆي»[①] ھازىر گەرچە قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەينى زاماندا بالاساغۇن شەھەر سېرتى بىناكارلىقلىرىدىن بىرى. سۇپىتىدە «مۇرى» ئارخېئولوگىيىلىك چەمبىرىكىگە كىرىدۇ. روشەنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئەينى زاماندىلا قەشقەرنى تۈمەن — قىزىل دەريالىرى ئارىسىدا تەھقىقلەشتۈرگەندى.

«خان سۇپا»، «كاتتا يايلاق»، «ھاسا ئاتام» ۋە «باش قاش»[②] بويىدىكى خارابىلىقلار بالاساغۇنغا ئالاقىدار سېرتقى ئارخېئولوگىيىلىك يەنە بىر چەمبەر ھېسابلىنىدۇ. بىر قاراشتا ئۇزۇن سوزۇلغان سېپىل خارابىسىدەك، ھەتتا ئارىلاپ - ئارىلاپ كېسەك تاملار كۆرۈنۈپ تۇرغان «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش»، «ئاياغ قاش» بىناكارلىقى ئەسلىدە ئۆستۈن ئاتۇشتىن كەلگەن چاقماق دەريا ئېقىمىنى كاتتا يايلاق تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە كانال — ئۆستەڭ ئورنى بولغان. «ئوتتۇرا قاش»تا كۆپلىگەن ئاھالە ياشىغان توچكىلار ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىن 1989 - يىلى 7 - ئايدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆپلەپ يەرلىك سوقما مىس پۇللارنى، بىر دانە داچەن (تۆشۈك پۇل)نى، يەنە مونچاق، رەڭدار ساپال پارچىلىرى، كېيىمنىڭ مىس ئىزما (تۈگمە)سى، كۆپتە ساقلىنىپ تۇپا بىلەن قوشۇلۇپ بوزۇرۇپ كەتكەن ئاشلىق قالدۇقى، ياغاچ كۆمۈر ھەم تۆمۈر داشقىلى، ئۇيغۇر قىمارۋازلىرىنىڭ پاقالچىقىدىن ياسالغان سىلىقلانغان تۆت ئوشۇقىنى تاپقان. قارىماققا بۇ ئاۋات ئۆستەڭ بويى كېيىنچە خارابىلىشىپ، ھازىر پۈتۈنلەي شورلاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى ئەڭ كونا مەدەنىيەت قاتلاملىرى قەدىمكى «بايخان» شەھىرى خارابىلىرىگە تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن. («تاڭ نامە. غەربىي دىيار جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە قەشقەر (سۇلى)غا بىرىشتا «فۇگۇي» (富贵) دىن ئۆتىدۇ، دېگەن بۇ جاي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تابغاچ ماددىسىدا تىلغا ئېلىنغان تۆۋەن چىن — بارخان، شۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدا «ھېلىمۇ چىن شەھىرى» بولغان دېگەن رىۋايەت بۈگۈنگىچە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«خان سۇپا» قىبلىگە يۈزلەنگەن بەش مو چامىسىدىكى كەڭلىك بولۇپ، يەردىن 7 — 8 مېتىر ئېگىزلىككە كېسەك بىلەن چۆرىدەپ ياسالغان. بۇ توغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭ سەھنىنىڭ تۆت تەرىپى ئات چىققالىغۇدەك يېپىق سېرتى قىلىپ ياسالغان. «كاتتا يايلاق»نىڭ شەرقىي تەرىپىگە ياسالغان بۇ بىناكارلىق خاننىڭ تەخت سۇپىسى بولماستىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، خان كاتتا يايلاقنىڭ شۇ چاغدىكى باراقسان جاڭگاللىقىدا شىكار قىلىپ، بەزمە قىلىدىغان جاي، جۈملىدىن ماۋرائۇننەھر ھەم خوتەن تەرەپكە ھەربىي يۈرۈش قىلىشتا قوشۇنلارنى رەتكە سالىدىغان جاي بولۇشى ئېھتىمال. بۇ ئەتراپتىن مونچاق قاتارلىق زىبۇ - زىننەت بويۇملىرىنىڭ تېپىلىشى بۇ مەيداندىكى بەزمىلەردىن قالغان يالداما بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن خەت يېزىلغان قارا تاختا تاشنىڭ تېپىلغانلىقى مەلۇم. مەخسۇم تۇرسۇنھاجى بۇ ئەتراپتىن يۈلغۈن يىلتىزلىرى كولىغاندا، يىلتىز تېگىدىن قەدىمكى ئۆي ئىشىك بېشى ياغىچىنىڭ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

---

① ئورنى شىمالىي پاراللېل 39° 34′ 26″، شەرقىي مېرىدىئان 76° 16′ 17″ گە جايلاشقان.
② ئورنى شىمالىي پاراللېل 39° 19′ 6″، شەرقىي مېرىدىئان 76° 19′ 4″ گە جايلاشقان.

X ئەسىرلىك بىر ئۆزبېك كىشى يېقىندا ئورۇمچىدىن يۇرتىغا قايتىشتا «خان سۇپا» غا يېقىن شېكەر كۆل ئۆتىكىدە بىر ئوتۇنچى بالىدىن شۇ دەۋرگە تەۋە بىر چاپاننى سېتىۋېلىپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە بەرگەن. ئوتۇنچى بالىنىڭ دېيىشىچە، «خان سۇپا» ئەتراپىدا يۇلغۇن كۆتەك يىلتىزى كولىغاندا بىر كوپ چىققان. بۇ چاپان كۇپتىكى كېگىز ئىچىگە تېگىپ قويۇلغان بولۇپ، چاپان كېپىنەك تېشىۋەتكەن پىلە غوزىكىنى تىتىپ پاختا بىلەن ئىشلىگەن يىپتا توقۇلغان، ئارىسىغا نېپىز پاختا ئېلىنغان، ئەستىرى ماتا بولۇپ، يىڭنە ئىشى ئىنچىكە بولغان. چاپان شەكلى مەيدىسى يېپىق، يان ئىزما، يەڭلىرى جەڭگىۋارلارچە تار، بەستلىك ئەرەنچە چاپان بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بالاساغۇن سىرتىدىكى مەشھەد (شېھىتلىك) كە جايلاشقان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى ئەسلىدە توققۇز مۇنارلىق بىھەيۋەت مەقبەرە بولغان، ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇناسىر سامانى قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى بولغان. بۇلار يەنىلا بالاساغۇنغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك توچكا ھېسابلىنىدۇ.

ئېشىنىمىزكى، بالاساغۇن شەھىرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش تېخى رەسمىي باشلانغىنى يوق. بۇ جەھەتتە كۆپلەپ پاكىتلارنىڭ تېپىلىشىغا گۇمان قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتۇشتا قۇرغاقلىشىش ھادىسىسى داۋاملىق ئېشىپ باردى. مۇنداق قۇرغاقلىشىشتىن ئىككى ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. بىرى، تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە يار پەيدا بولۇش؛ يەنە بىرى، جەمئىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئاھالىنىڭ ئېقىن بويلاپ سۇ بېشىغا — يۇقىرى تاغ ئاغزىغا يۆتكىلىشى ۋە «ئوشۇق ئاھالە» نىڭ ياقا يۇرتلارغا يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت.

يارلىق يەر نەملىكىنىڭ ئارتۇقچە تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن كېيىنكى سۇ كەلكۈنلىرىنىڭ يەر نەملىكى تويۇنغان «نەملىك بەلبېغى» نى ئىزدەپ يەرنى يالاپ تۆۋەنلەپ كىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. روشەنكى، يەر نەملىكى يۇقىرى ئورۇندا قانچە كەڭ دەريا بولسىمۇ يارلىق ھاسىل بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئوي جايلارغا لاتقا تاشلاپ تىندۇرۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. تىندۇرۇش ۋە كولاش يەر ئاستى سۈيىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانۇنىيەت. ئاتۇشتا دەل مۇشۇ يار پەيدا بولۇش ھادىسىسى تۈپەيلى، ئاھالە ئىلگىرىكى ماكانلىرىدىن سۇ بېشى تەرەپكە، بوغۇز ۋە «جىن تۈگمەن» تەرەپكە كۆچكەن. كۆچكەنلەر ئەسلىدىكى مەھەللە - كەنت ناملىرىنى يۆتكەپ كېتىشكەن. قۇمساگىردا كېيىنچە ھەسەن بالاھاجى قۇمۇلدىن كارىزچى يۆتكەپ كېلىپ كارىز كولىغان بولسىمۇ، سۈيى كېيىنچە تۆۋەنلەپ قۇرۇپ كەتكەن.

ئاتۇش سۇنتاغ رايونىنىڭ بالاساغۇن شەھىرى ئورنى ئىككى چوڭ ھادىسىگە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى، يار يالاپ كېتىش ھادىسىسى. بالاساغۇننىڭ بىر يان قىسمى (ساراي بويى، شەمسىددىن داموللاھاجىم زېمىنىنىڭ نېرىسى) يار ئاستىدا خاراب بولغان. نەتىجىدە ئىلگىرى ئېقىن سۇ ئاققان چوڭ ئۆستەڭ ئورنى يار ئۆستىدە قېلىپ، ئىلگىرىكى ئارچىزار توقايلىق شاللىقتا ئايلىنىپ كەتكەن. يەر بۆگەن (بۆلۈنگەن) جايدىن تۆۋەن قاتلامدىكى سايغا جايلاشقان «بۆگەن» كەنتى يېڭىدىن پەيدا بولغان. بۇ قېتىم ئابدۇكېرىم ھاجى خەلىپىتىم، مۇھەممەت موللا شاگىزۇڭ، ئابلەت كامال، مەخسۇم تۇرسۇنھاجىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كىچىك ۋاقىتلىرىدا بۇ يارلىق تار بولۇپ، بىر تېرەكنى غولۇتۇپ كۆۋرۈك قىلغىلى بولىدىكەن. بالىلار ئۇ قاشتىن بۇ قاشقا چامما ئېتىپ ئوينايدىكەن. 1944 - يىلقى كەلكۈن بىلەن 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى كەلكۈن يارلىقنى ھازىرقى ھالەتتە يوغىنىتىۋەتكەن. بالاساغۇن شەھىرى ئورنى دۇچ كەلگەن ئىككىنچى

ھادىسە شۇكى، بۇ جاي ئايرىم تاشلىنىپ كەتكەن خارابە بولماستىن، قىسمەن تاشلانغان، قىسمەن يار ئېلىپ كەتكەن، قىسمەن ئاھالە ياشىغان ھالەتتە بولغاچقا، سېپىللار ئوغۇت قىلىنغان، كوچا - مەھەللىلەر، ئېتىز - ئېرىقلار كۆپ قېتىم قايتا «گۈيخۇا» قىلىنغان (سالالاشتۇرۇلغان). ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ئاسراش ئورنى بولمىغان. بولۇپمۇ خوجىلار دەۋرىدىن كېيىن، گەرچە يېگىسار، يەركەن تەرەپتىن قاراتاغلىق خوجا مۇخلىسلىرى بۇ جايدىكى مازار - ماشايىقلارنى زىيارەت قىلغىلى كەلسىمۇ، يەرلىك خەلق ئاقتاغلىق خوجىلار تەسىرىدە ئاپئاق خوجا مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلغان.

## 8. مۇھاكىمىنىڭ دەسلەپكى يەكۈنى

بالاساغۇن ئورنى مەسىلىسى يېشىلمىگەن، قىزىقارلىق، كۆپ باغلىنىشلىق ھالقىلىق تېما.

مۇنداق مۇھىم چوڭ تېمىنى ئەمدى ھەل قىلىش ۋاقتى كەلدى. بالاساغۇن ئورنى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك، تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك، مەدەنىيەتشۇناسلىق، تېكستولوگىيىلىك، توپونومىيىلىك، ئابىدەشۇناسلىق (ئېپىگرافىكا)، كونا يوللار تەتقىقاتى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. باشقىلارغا ھاڭ بېقىپ «تەييارغا ھەييار» بولۇپ تۇرۇش يېڭى پەن ئەھلىنىڭ ئىشى بولماسلىقى كېرەك.

بارتولىد ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا خۇددى رادلوۋ ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقاندەك مۆلچەرلىگۈسىز غايەت قىممەتلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناسلىقىنىڭ بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئالەم ئېتىراپ قىلغان ئېپتىخارلىق ۋەكىلى.

بارتولىدنىڭ «بالاساغۇن — توقماق بورانا» فىگورىسى ئىلىم - پەن ئۆلچەملىرى ئالدىدا ئۆز ئاجىزلىقلىرى بىلەن بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلىپ كەلدى. كۆپلىگەن كىشىلەر، جۈملىدىن مۇشۇ ماقالە ئاپتورىمۇ بۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە بىز «بالاساغۇن — ئارتۇش (ئېنىقراقى باغلا ۋە ساغۇن)» فىگورىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە بارتولىدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قاراخانىلار ۋە بالاساغۇن تەتقىقاتى پېشۋالىرى ئىشلىرىنىڭ داۋامى.

بىز ئەزەلدىن ھەقىقەت ئىككى ئەمەس، بىر دەپ قاراپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەقىقەت بىر قېتىمدىلا بىلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەقىقەتنى بىلىش بىر جەريان دەپ قاراپ كەلدۇق. پاراللېل ئىككى فىگورىنىڭ بىللە تۇرۇشى ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىش جەريانىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئىككى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ ئىلىم - پەن بىلىش نەزەرىيىسىگە، مۇشۇ ئىلىم - پەن دېموكراتىيىسىگە، مۇشۇ ئىلىم - پەن ئەدەب - ئەخلاقىغا مۇۋاپىق، بىز «بالاساغۇن — توقماق بورانا» فىگورىسىغا يانداش بولغان ئىككىنچى فىگورىنى — «بالاساغۇن — باغلا - ساغۇن» فىگورىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز.

ھەقىقەت بەرىبىر بىر. بۇ ئىككى فىگورىنىڭ قايسىسىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ تېمىغا قىزىققان ئىلىم - پەن ئەھلى ئىلمىي تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ھەل قىلىدىغان مەسىلە.

ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىپ، بىزگە بىۋاسىتە ھەمكارلاشقان كەڭ ئاددىي خەلققە ئالىي تەشەككۈر بىلدۈرىمىز. بىز بالاساغۇن ئورنى مەسىلىسىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىنىشى ئالىملار بىلەن كەڭ خەلقنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، رەھمەت.

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

قەييۇم قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن قانۇنلارنى ھازىرقى بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاشنىڭ جىددىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمۈشتا، دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىقنىڭ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۇش بىلەن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن كۈنگە كېڭىيىپ ۋە قويۇقلىشىپ بارماقتا. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى شۇنى ئوچۇق كۆرسەتتىكى، بارلىق باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى، ھەرقايسى ئىقتىسادىي سۇبيېكتلارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە ھەرىكىتىنى قانۇن ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق قائىدىلەشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى. بۇنداق شارائىتتا، سوتسىيالىستىك ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىدىكى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە پائال ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەن تۈرلۈك قانۇن - نىزاملار ھازىرقى بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قانۇن - نىزاملارغا ئايلىنالايدۇ.

ھازىرقى شارائىتتا، قانۇنلارنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ

قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئىشىمىزنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇشقا ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشكە، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى پۇختا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، قانۇن چىقىرىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلارنى چىقىرىش ئىشىنى جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر يوسۇندا بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچى سۇبيېكتلارنىڭ هوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە هەرىكىتىنى، هۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى مۇئەييەن قانۇنىي شەكىللەر ئارقىلىق ئېنىق بەلگىلەشنى ۋە شۇ بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، بازار هەرىكىتى قانۇنغا مۇهتاج بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىلگىرى تۈزۈلگەن قانۇن - نىزاملارنى قايتا تۈزىتىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ هازىرقى ئوبيېكتىپ تەلەپلىرىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بىلەن باشقۇرۇلۇپ كەلدى، قانۇنلىرىمىزمۇ يېتەكچى ئىدىيە، تۈپ پرىنسىپ، ئاساسىي مەزمۇن ۋە ۋەزىپە قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈنلەي ئاشۇ پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى بويىچە تۈزۈلدى ۋە شۇ پىلانلىق ئىگىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. هالبۇكى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئايلانغان هازىرقى شارائىتتا، بۇرۇن تۈزۈلگەن بەزى قانۇن - نىزاملار ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ، هازىرقى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق قانۇن - نىزاملارنى تۈزىتىپ يېڭىلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرى «ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىسلاهات - ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇهىت يارىتىشى لازىم.

تۆتىنچى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى ئۈستۈرۈش ۋە يېڭىلاش لازىم.

يۇقىرىدىكى تۆت ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ ئالدىغا ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت مۇهىم بىر مەسىلە قويۇلماقتا.

قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېڭىلاشتا، تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىش لازىم:

بىرىنچى، قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، بەزى ئەنئەنىۋى قانۇن ئۇقۇملىرى، پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. مەسىلەن، بەزى ئەنئەنىۋى قانۇن كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىز ئىزچىل تۈردە «قانۇن هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى»، «قانۇننىڭ ئاساسىي

فۇنكسىيىسى (رولى) دۈشمەن سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى قوغداشتىن ئىبارەت»، «قانۇن — ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش قورالى» ... دېگەنگە ئوخشاش كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان ھازىرقى كۈندە يەنە مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇۋېرىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ قانۇنچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ساغلاملاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ. بۇ كۆز قاراش بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلىنىۋېرىدىغان بولسا، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پرىنسىپنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، كىم قايسى سىنىپنىڭ ئادىمى، قايسىسى ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، قايسىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ... دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بولساق، بىرمۇنچە ئىشلارنى قانۇني تەرتىپ بويىچە بېجىرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ۋە نوپۇزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، نەتىجىدە مەسىلىلەرنى سىنىپىي كۆرەش ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتكە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز يەنە قانۇنلىرىمىزدا «سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداشتىن ئىبارەت» دېگەن كۆز قاراشنى تەكىتلەپ كەلدۇق. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ كۆز قاراش بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىۋېرىدىغان بولسا، ھەرقايسى ئىقتىسادىي تەركىبدىكى سۇبيېكتلارنىڭ قانۇني جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئاشۇنداق بىرمۇنچە قانۇن پرىنسىپلىرى، كۆز قاراشلىرى ۋە قائىدىلىرىنى قانۇنىمىزدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدە، پرىنسىپلار، ئۇقۇملار ۋە كۆز قاراشلارنى كىرگۈزۈش لازىم.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتىنى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا يېتىشتىن ئىبارەت. ماركسىزملىق قانۇن نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئىككىسى بىردەكلىككە ئىگە. مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ رولىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەت مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى رولىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ رولىنى بەلگىلەشتە، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ،

جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، قانۇن چىقىرىش نىشانىنى بەلگىلەشتە، كونىراپ قالغان ئەنئەنىۋى قانۇن ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن قاتارلىقلارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ئېڭىدا، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەق تەلەپ قانۇنىغا سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش ئىزچىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، شۇڭا، ھازىر بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا قانۇننىڭ ئاساسىي رولى «باستۇرۇش» دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. ھالبۇكى، ھازىرقى دېموكراتىيە تۈزۈمى، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، قانۇننىڭ ئاساسىي رولى «باستۇرۇش» ئەمەس، بەلكى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، سوتسىيالىستىك قانۇن مەدەنىيىتى ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇن چىقىرىشنىڭ ئاساسىي نىشانىنى (مەركىزىي نۇقتىسىنى) ھەق تەلەپ قانۇنلىرى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنلارغا قارىتىپ، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن سىستېمىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ توغرا يول بىلەن نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

تۆتىنچى، قانۇن چىقىرىشنىڭ جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنىڭ مۇۋاپىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش لازىم. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىگە تەشنا بولماقتا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەدە مۇكەممەل بىر قانۇن سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ جىددىي بولماقتا. بۇنداق يېڭى تارىخىي شارائىتتا، «بىرى تەييار بولسا، بىرىنى تۈزۈش» دېگەن پرىنسىپ ئاقمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر ئابستراكت، ئومۇمىي ۋە پرىنسىپال خاراكتېردە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ كونكرېت مەشغۇلاتچانلىق ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى قىيىنچىلىقلار بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن، مەبلەغ سېلىنمىسىنى ماكرو جەھەتتىن ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە دائىر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بىر قاتار قانۇنلار تۈزۈلۈشى ھەم بۇ قانۇنلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتچانلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك قانۇنلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ چېچىلاڭغۇ، تەكرار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاۋالە خاراكتېرىدىكى قانۇنلار ئىمكانقەدەر ئازايتىلىشى لازىم.

بەشىنچى، ئەدلىيە جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى بېكىتىشتە، بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى

تىكلەپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېز ۋە ياخشى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولۇش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا پايدىلىق بولۇش) نى ئۆلچەم قىلىش لازىم. بىز ئىلگىرى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك كۆز قارىشىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بەزى نورمال بولغان تاۋار يۆتكەپ سېتىش ئىشىنى ھايانكەشلىك جىنايىتى دەپ قارىدۇق، نورمال بولغان بەزى مۇلازىمەت ھەققى ۋە شىرىنكانىنى پارىخورلۇق جىنايىتى دەپ قارىدۇق، ۋاھاكازا. نەتىجىدە ئەدلىيە ئەمەلىيىتى بىلەن بازار ھەرىكىتى بىر بىرىگە زىت بولۇپ قېلىپ، بازار ئىگىلىكى ھەرىكىتىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا تەسىر يەتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن باشقا، يەنە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە كۆز قارىشىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ ئەدلىيە كۆز قارىشىنى يېڭىلاشتا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى مۇنداق ئۈچ خىل بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم:

بىرىنچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداشنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلەش كۆز قارىشىدىن ھەرقايسى ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى باراۋەر قوغداش كۆز قارىشىغا بۇرۇلۇپ، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، قوغدىنىش، زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىش كۆز قارىشىدىن قوغداش، مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساس قىلىش كۆز قارىشىغا بۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ماجىرالارنى مۇۋاپىق قانۇنىي ۋاستىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ھەدېسىلا جەرىمانە قويۇش، پېچەتلەش ۋە مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق زورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئەنزە يۈز بەرگەندە ئاندىن دېلو تۇرغۇزۇپ بېجىرىشنى ئاساس قىلىش كۆز قارىشىدىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئاساس قىلىش كۆز قاراشىغا بۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

قانۇن مېخانىزمىنىڭ نورمال ئايلىنىشىدا، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ساپاسى ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەدلىيە كۆز قارىشىنىڭ بۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەدلىيە مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەدلىيە خادىملىرىنى بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇنلار، يېڭى قانۇن - نىزاملار ۋە خەلقئارا قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ۋە ئەنزە بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن ئەلا سۈپەت بىلەن خىزمەت قىلالايدۇ.

# كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

ئەخمەت مامۇت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، خەلقئارا باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان، ئەمما سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگەبولمىغان كىشىلىك ھوقۇقلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان، ئەمما سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئايرىپ، ئالدىنقىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كېيىنكىسىنى ۋاقتىنچە ساقلاپ قېلىپ تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، كىشىلىك ھوقۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارا قوغداشتىكى زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى كەڭ كۆلەمدە خەلقئارا قانۇن ساھەسىگە كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى قانۇنشۇناسلار بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچىمى مەسىلىسى جەھەتتە غەرب ئەللىرى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت. غەربتىكى بەزى ئەربابلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى ئورتاق ئۆلچەم دەپ ھېسابلايدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا ئۇلارنىڭ «ئورتاق ئۆلچەم» دېگىنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ھازىر مەۋجۇت بولغان ئورتاق ئۆلچەملەر ئاساسىدا تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش چارىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

تۆۋەندە مەن يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى

نۆۋەتتە ئوخشاش بولمىغان سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھەر خىل كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر مەۋجۇت بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىشىلىك ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلانماقتا. ھازىرقى دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىشتىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشتىن ۋە ئۇنى قوغداشتىن باش تارتىشنى ئوچۇق - ئاشكارە ئېلان قىلغان بىرمۇ دۆلەت يوق. شۇنداقتىمۇ، دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماقتا. بەزى دۆلەت ۋە سىياسىي كۈچلەر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە سىياسىي مەقسەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى خەلقئارا ستراتېگىيىدە ئالاھىدە مەنپەئەتلەرگە ئېگە بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، ئەسلىدىلا مۇرەككەپ بولغان بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۇقۇمى، مەزمۇنى، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداش تەدبىرى ۋە ئۇسۇلى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى جەھەتلەردە غەرب ئەللىرى بىلەن دۆلىتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا خېلىلا زور پرىنسىپاللىق ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆزگىچە قارىشى بار.

كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى جەھەتتە، غەرب ئەللىرى كىشىلىك ھوقۇق «تۇغما ھوقۇق» ئۇ «شەخسلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا، كىشىلىك ھوقۇق «ھوقۇقنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكلى»، خەلقئارا قانۇن مەناسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق «شەخسنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىلا كۆرسىتىپ قالماي، كوللېكتىپنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ قارايدۇ؛ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە، غەرب ئەللىرى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىياسىي مەزمۇنىنى تەكىتلەپ، ئىقتىسادىي مەزمۇنىغا سەل قارايدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىياسىي مەزمۇنىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداش جەھەتتە، غەرب ئەللىرى كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپى «ب د ت نىزامنامىسى»گە كىرگۈزۈلۈپ خەلقئارا قانۇننىڭ بىر پرىنسىپىغا ئايلاندى، شۇڭا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى «مۇتلەق دۆلەت ئىچىدە باشقۇرىدىغان مەسىلە ئەمەس»، ئۇ «ب د ت ۋە ئۇنىڭغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەر ھەققانىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى»، ئۇنىڭغا خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلىشىشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەلقئارا قانۇننىڭ ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە تەتبىقلانمايدۇ دەپ قارايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپى «ھازىرقى زامان خەلقئارا قانۇننىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپى ۋە ئاساسى، كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپى

دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىغا مەنسۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق دۆلەت ئىچىدە باشقۇرۇلىدىغان ئىشلارغا كىرىدۇ، خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان ھەرىكەتلەرگىلا خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلاشقاندىن باشقا، كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك ئامىللار ۋە شەرت شارائىتقا باغلىق، ئۇنىڭغا خەلقئارا جەمئىيەتلەر ئارىلاشماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ؛ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى جەھەتتە، غەرب ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى ئۆلچەم قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا باھا بېرىدۇ، ئۇلار يەنە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرگە ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمنى قوللىنىدۇ. غەربنىڭ بەزى ئەزابلىرى يەنە «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نى بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ، كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى جەھەتتە ھەرقايسى ئەللەر ئۆز ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نى بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم قىلىشقا كەلسەك، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىتابنامىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنى بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم قىلىشقا قارىتا پوزىتسىيىسى ئېنىق ئەمەس.

يۇقىرىقىدەك، ھەممىسى ئۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان زىددىيەتلىك ھالەت بەزى خەلقئارا سۈركۈلۈشلەرنى ۋە تالاش تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، كىشىلەرنى كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى جەھەتتە بىردەك تونۇش ھاسىل قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسىتىدىن چەتنىتىۋەتتى، بۇنداق ھالەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداش ۋە ئۇنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە خەلقئارا قانۇننىڭ ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا پايدىسىز. شۇڭا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ھازىر بار بولغان ئورتاق ئۆلچەملەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشلار، كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان پوزىتسىيەلەرمۇ كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسىز.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ياكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم بىر مەسىلە. چۈنكى بىرلىككە كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى (ئورتاق ئۆلچەم) كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى يولغا قويۇشنىڭ مىزانى. ئەگەر كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى بولمىسا، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشتا ئاساسلىنىدىغان ئاساس بولماي قالىدۇ.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەزى كىشىلىك ھوقۇقلىرى، مەسىلەن، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، باراۋەرلىك ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىقلار خەلقئارا باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ بەزى كىشىلىك ھوقۇقلىرى، مەسىلەن، سايلاش ھوقۇقى، سايلىنىش ھوقۇقى، ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى، سۆز ئەركىنلىكى ھوقۇقى، جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى ھوقۇقى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچىدە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى، ئىدىيە، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى، ئاخبارات ئەركىنلىكى ھوقۇقى، تىنچ يىغىن ئۆتكۈزۈش ھوقۇقى قاتارلىقلار سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە؛ بەزى كىشىلىك ھوقۇقلىرى، مەسىلەن، ياشاش ھوقۇقى، كىشىلىك قەدىر - قىممەت ھوقۇقى، ئېيىپلارنىڭ ھوقۇقى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقى، مۇساپىرلار ۋە دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشىلەرنى قوغداش، تەن جازاسى ۋە باشقا رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان مۇئامىلە ۋە جازالارنى چەكلەش قاتارلىقلار سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىغان بولىدۇ. خەلقئارا باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىغان كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچەملىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە سىياسىي مەنپەئىتىگە خىلاپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش» ۋەدىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ھەرقايسى ئەللەر ھەقىقىي باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ سۆزلىشىپ، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئوخشاش بولغان پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىش، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز پىكىرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا كېڭەشمىسى، غەرب ئەللىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى باشقىلارغا مەجبۇرلاپ تاڭماسلىقى، ئۇ دۆلەتكە بىر خىل ئۆلچەم، بۇ دۆلەتكە بىر خىل ئۆلچەم قوللانماسلىقى؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاساسىدا خەلقئارا باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىغان كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىنى ھازىر بار بولغان ئورتاق ئۆلچەملەر، مەسىلەن، ئىرقىي كەمسىتىش، ئىرقىي ئايرىمچىلىق، ئىرقىي قۇرۇتۇش، قۇللۇق تۈزۈمىنى مەنئى قىلىش ۋە ئۇرۇشقا دائىر بىرلىككە كەلگەن كىشىلىك ھوقۇقلىرى ئاساسىدا، خەلقئارا قانۇن دائىرىسىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم.

دۆلەت ئىچىدە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەرىجىسى بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت تۈزۈمى، سىياسىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچەملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بولۇش

پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىنىشى لازىم. بۇ كىشىلىك ھوقۇق خاراكتېرىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر، لېكىن بۇنداق دېگەنلىك ھەرقايسى ئەللەر بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن باشقۇرىدىغان ئىش سۇپىتىدە داۋاملىق ساقلاپ قالسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ قايسى كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە قايسى دەرىجىدە بەھرىمەن بولۇشى شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىن باشقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگىمۇ باغلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ساھاسىدە ھەمكارلىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، شۇڭا ھەرقايسى ئەللەر ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان، ئۆزخەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ماسلاشقان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، غەرب ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ تەكىتلەپ، ئۇنى دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلىۋېلىپ، ئۇنى باشقا دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىش (تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، مەبلەغ سېلىش، سودىدا ئېتىبار بېرىش) نىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلەتمەسلىكى، ئۇلارنى ئالدىراتماسلىقى لازىم، بۇنداق قىلىش خەلقئارا قانۇندىكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىغا يەنى خەلقئارا قانۇننىڭ «ب د ت نىزامنامىسى» نىڭ 2 ـ ماددىسىنىڭ 7 ـ تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆزئارا ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپىغا خىلاپ.

## 2. كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇۋاتقان، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) كىشىلىك ھوقۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشتا ئاساسلىنىدىغان ئاساس ھازىرلاشتا ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھەقىقىي كاپالەتلىك

قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلاشتا ئىنتايىن زۆرۈر. ھەرقايسى دۆلەتلەر قاتناشقان كىشىلىك ھوقۇققا دائىر خەلقئارا شەرتنامىلەر كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنىڭ قانۇنىي ئاساسى، دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا دائىر خەلقئارا مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بىرلىككە كەلگەن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى بولغاندا، دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشتا مۇكەممەل بولغان خەلقئارا شەرتنامىلەرنى ئىمزالىيالايدۇ. كۈچكە ئىگە بولغان كىشىلىك ھوقۇققا دائىر خەلقئارا شەرتنامىلەرنىڭ مەجبۇلاش كۈچى ئېشىپ، ئۇنى دۆلەتلەر ئارا مۇكەممەل ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسى كۈچىيىدۇ. خەلقئارا قانۇننىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارا قوغداشقا دائىر تېخىمۇ كۆپ مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. نەتىجىدە كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2) كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن زۆرۈر. كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ھەرقايسى ئەللەر كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداش جەھەتتە بىردەك ئەمەل قىلىدىغان ئورتاق مىزان بەرپا قىلىنىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى خەلقئارالىق قوغداشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

3) كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زۆرۈر. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ھەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر مۇشۇ ئورتاق ئۆلچەمنى نىشان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاشقا داۋاملىق تىرىشىدۇ.

4) كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىردەكلىككە، ئوبيېكتىپچانلىققا ۋە ئادىللىققا ئىگە قىلىشتا زۆرۈر. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزىگە بىر خىل ئۆلچەم باشقىلارغا يەنە بىر خىل ئۆلچەم قوللىنىپ، كىشىلىك ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ھەممىگە ئوخشاش تەتبىقلىنىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى بىردەكلىككە، ئوبيېكتىپچانلىققا ۋە ئادىللىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

# يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى

ئارسلان ئەھمەد زىيائى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ بازار ۋە بازار ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىئىنەزەرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا ئۇنىڭدىن ئەينەك قىلىش ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر قىسىم ئىجابىي تەرەپ ۋە ئاكتىپ ئامىللار ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى باسقۇچىدا ئىزدىنىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېما. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشكە، ئېلىمىزنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىدىغان ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ئىلغار ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىش تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭغا دىئالېكتىك يوسۇندا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق ئاكتىپ ئامىللارنى بايقاپ، ئەينەك قىلىشقا، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا جانلىق تەتبىق قىلىپ، ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئورۇن بېرىش لازىم. بۇنداق قىلىش بارلىق ئاكتىپ ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدە بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئۇسۇلى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە سىستېمىسىدا روشەن چەك چېگرا بولمىسىمۇ، ياكى بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى بىر مۇستەقىل ئىلمىي تەلىمات بولۇپ شەكىللەنگەن بولمىسىمۇ، مۇنداق بىر يۈزلىنىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: يەنى، بىر تەرەپتىن، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسى بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشتە ئىزچىللىقنى ۋە ۋارىسچانلىقنى ساقلاپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتە بارغانسېرى تولۇقلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، شۇڭا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ مۇرەككەپ تېمىسى ئىچىدىكى بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ھەمدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ئىقتىسادىي تەلىماتلارنىڭ بازار ۋە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. يېقىنقى زامان كلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد تەلىماتى ۋە ئىقتىساد ئەركىنلىكى ئېقىمى

(1) ئادام سمىت ۋە «كۆرۈنمەس قول». ئادام سمىت (1723 — 1796) ئەنگلىيە كلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد تەلىماتىغا ئاساس سالغۇچى ۋە ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. ئۇنىڭ «مىللىي بايلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان. ماركسمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد تەتقىقاتىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ئادام سمىت ياشىغان دەۋردە ئەنگلىيە كاپىتالىزمى سانائەت ئىنقىلابىنى ئورۇنداپ مانا فاكتورا ئىگىلىكىدىن ماشىنىلاشقان يىرىك سانائەتكە ئۆتۈۋاتقان، كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى ئاساسەن ئاياغلاشقان، بازار ئىگىلىكى نۇرغۇنلىغان ساھەلەردە بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن مېركانتىلىزم (سودا ئەلاچىلىقى) پىكىر ئېقىمى بازار ئىگىلىكىنىڭ كېڭىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ قالغان. چۈنكى، مېركانتىلىزم بىر دۆلەتنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ ئالتۇن - كۆمۈش، پۇل بايلىقىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا، فېئودال پادىشاھلىق ھاكىمىيەت سودا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تاشقى سودا، بولۇپمۇ ئېكسپورت سودىسى قىلىشىنى قوللىشى، سىياسەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولۇشى، تامۇژنا بېجىنى قوغداپ، ئىمپورت سودىسىنى ئىمكان قەدەر چەكلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مېركانتىلىزم پىكىر ئېقىمى ۋە مېركانتىلىزملىق سىياسەت ئەينى چاغلاردا مەلۇم ئىلغار تارىخىي رول ئويىنىغان

بولسىمۇ، ئۇنىڭ قويۇق فېئوداللىق تۈس ئالغانلىقى، سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە لايىق كەلمىگەنلىكى، بازار ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى تەلىپىگە ماسلىشالمىدى. ئادام سىمىت يېڭى گۈللەنگەن يىرىك سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، مېركانتىلىزمنى رەھىمسىز تۈردە تەنقىد قىلدى ۋە ئىقتىساد نەزەرىيىسىدە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ئادام سىمىتنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي بايلىقنى يارىتىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تايىنىدۇ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشى بولسا بازاردىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى دائىرىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا بازاردىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ئادام سىمىت كۆرسەتتىكى، بازاردا ئەركىن رىقابەتلىشىش، ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش، ئەركىن سېتىش ۋە ئەركىن سودىلىشىش — ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ مۇۋاپىق قائىدىسى. چۈنكى كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەت مۇددىئاسىنى ئاساس قىلىپ ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدۇ. ئەمما رىقابەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشكە، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قىستايدۇ. ئىستېمالچىلار ئىمكان قەدەر ئاز پۇل خەجلەپ كۆڭۈلدىكىدەك تاۋار سېتىۋېلىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە، ئىجتىمائىي بايلىقلار مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىدۇ، جەمئىيەت ئېھتىياجىمۇ قاندۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئادام سىمىت مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئايرىلىشالمايدىغان مۇئەييەن تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ياكى كېمىيىشى، تەمىنلەش، ئېھتىياج مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە پايدا ئېلىشى ياكى زىيان تارتىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى بىر «كۆرۈنمەس قول» ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. ئادام سىمىت كۆرسەتكەن بۇ «كۆرۈنمەس قول»، ئەمەلىيەتتە، بازارنىڭ تەڭشىلىش مېخانىزمى ئىدى.

(2) ساي ۋە ساي قانۇنى. ساي (1767 — 1832) — فرانسىيە كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ پېشىۋاسى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىسپاتلىغان ساي قانۇنى غەرب ئىقتىساد ئەركىنلىكى نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئىچىدە بىر مەزگىل شۆھرەت قازانغان.

— ساي قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى «تەمىنلەش ئۆزلۈكىدىن ئېھتىياجنى يارىتىدۇ» دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ؛ سايىنىڭ قارىشىچە، بازار ئېھتىياجىنى چەكسىز كېڭەيتىشكە بولىدۇ؛ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ زىددىيىتىدە تەمىنلەش ئاساسىي تەرەپ؛ بازار سودىسى تاۋار — پۇل — تاۋار ھالىتىدە داۋاملىشىدۇ؛ پۇل پەقەت ئالماشتۇرۇش ۋاستىچىسى بولۇش رولىنىلا ئوينايدۇ؛ بىر خىل تاۋارنىڭ

ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشى مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر خىل تاۋارنىڭ سېتىۋېلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، نەتىجىدە سېتىش بىلەن سېتىۋېلىش چەكسىز كېڭىيىدۇ، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، تەمىنلەشنى كېڭەيتكەندىلا، بازاردىكى تەمىنلەش ۋە تەلەپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېھتىياجنى يارىتىشى ۋە قاندۇرۇشى بازار پائالىيەتلىرىنىڭ ئەركىن رول ئوينىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئارىلىشالمايدۇ ۋە باشقىلار.

## 2. مارشالنىڭ بازار تەڭپۇڭلۇقى نەزەرىيىسى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە كېمبرىج داشۆسىدە مارشال (1842 — 1924) باشچىلىقىدىكى يېڭى كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. مارشال ئادام سىمىتنىڭ ئىقتىساد ئەركىنلىكى نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تېخىمۇ يېڭىلاپ، ھازىرقى زامان مىكرو ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى.

مارشال باھا تەڭپۇڭلۇق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تەبىئىي پەن تەتقىقات ئۇسۇلىنى تۈنجى قېتىم ئىقتىساد نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ دىنامىكىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئۇقۇمىنى، تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەھلىلىنى بازار سودىسى پائالىيەتلىرىگە تەتبىق قىلىپ، ئۇنى بازارنى ۋە باھانى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا قوللاندى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بازاردا ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ۋە بىر - بىرىگە باغلانغان ئىككى خىل پائالىيەت ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئېھتىياج باھاسى بىلەن تەمىنلەش باھاسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل باھا بولىدۇ، بۇلارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى مۇتلەق، تەڭپۇڭلۇقى نىسپىي بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئەركىن بازار رىقابىتىدە بىرلىككە كەلتۈرگىلى، تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ ئېھتىياج باھاسى ئىستېمالچىلارنىڭ مەلۇم مىقداردىكى تاۋارنى سېتىۋېلىشقا رازى بولۇپ، تۆلىگەن باھانى كۆرسەتسە؛ تەمىنلەش باھاسى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەلۇم تاۋار بىلەن تەمىنلەشتە رازى بولۇپ ئېرىشكەن باھانى كۆرسىتىدۇ؛ بازاردا ئېھتىياج باھاسى تۆۋەنلەشكە باشلىسا، تاۋارنىڭ سېتىلىشى ئۆزىنىڭ تەننەرخ باھاسى چېكىگىچە يەتكىچە ئازلاپ بارىدۇ، تەننەرخ چېكىدىن تۆۋەنلەشكە باشلىسا، ئۇنىڭ سېتىلىشى توختايدۇ، نەتىجىدە ئېھتىياج قانمايدۇ. ئەكسىچە، تەمىنلەش باھاسى ئۆرلەشكە باشلىسا، باھانىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم تاۋار سېتىلمايدۇ - دە، بازار كاساتچىلىقى ۋە تاۋارنىڭ بېسىلىپ قېلىشى كېلىپ چىقىدۇ. بازار سودىسى داۋامىدىكى مۇشۇنداق كۆپ قېتىم تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە، ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئىككى تەرەپ بىردەك قوبۇل قىلالايدىغان باھا، يەنى تەڭپۇڭ باھا پەيدا بولىدۇ، تاۋارلار نورمال سېتىلىدۇ، تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج تەڭپۇڭلىشىدۇ (بازار تەڭپۇڭلىشىدۇ)، ئىجتىمائىي بايلىقمۇ مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىنىدۇ.

مارشالنىڭ نەزەرىدە، باھا تەڭپۇڭلۇقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بازار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ زۆرۈر شەرتى بازاردىكى ئەركىن رىقابەتتۇر؛ رېئال ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى تەڭپۇڭسىزلىق ھادىسىلىرى ئەركىن رىقابەت شەرت - شارائىتلىرىنىڭ پىششىپ يېتىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان؛ ئەركىن رىقابەت تولۇق قانات يايدۇرۇلسىلا، باھا تەڭپۇڭلۇقى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، بازار تەڭپۇڭلۇقىمۇ شەكىللىنىدۇ.

## 3. «كېينىس ئىنقىلابى» ۋە دۆلەت ئارىلىشىش نەزەرىيىسى

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن ئارتىپ غەرب ئىقتىسادى كاساتچىلىق، تۇرغۇنلۇق باسقۇچىغا كىردى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولدى، ئىشچىلار ئىشسىز قېلىپ، نامراتچىلىق كۆچىيىپ كەتتى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بولۇپمۇ 1929 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي كرىزىس پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىنى قاپلىدى. كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش مەسىلىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر جەريانىدا، كېينىس (1883 — 1946) «كۆرۈنمەس قول» نەزەرىيىسىگە قارشى ھالدا، دۆلەت ئارىلىشىش نەزەرىيىسى (كۆرۈنىدىغان قول نەزەرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۆھرەت قازاندى، كېينىس نەزەرىيىسى غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدە «كېينىس ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

كېينىس نەزەرىيىسىنى، ئەمەلىيەتتە، كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى ئىجادىي تەرەققىيات دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى كېينىسنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «كلاسسىك نەزەرىيە مېنى يېتىشتۈرگەن» بولسىمۇ، ئەمما، كلاسسىك نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇكى، ئومۇمىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كېينىس ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

كېينىس، ئالدى بىلەن، ئىقتىسادىي ئەركىنلىك نەزەرىيىسى ۋە بازارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەڭشەش نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلدى:

بىرىنچى، بازار جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، بازار رىقابىتى ئىشسىزلىق، ۋەيرانچىلىق قاتارلىق ئىقتىسادىي خەۋپ - خەتەرلەرنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، پۇل ئامانەت قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇ ئەھۋال كىشىلەر كىرىمىنىڭ ئىستېمالغا سەرپ قىلىنىدىغان قىسمىنىڭ ئازىيىشىنى، ئىستېمال خاھىشىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشنى يالغۇز بازارنىڭ ستخىيىلىك رولىغا تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، بازار جەمئىيەتتە كاپىتال سېلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك

قىلالمايدۇ. بازار رىقابىتى شىددەت بىلەن داۋاملاشقاندا، كاپىتال سالغۇچىلار خەۋپ - خەتەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يۈرەكلىك ھالدا كاپىتال سالالمايدۇ. ئوخشاش ساھە، ئوخشاش تۈر ۋە مەھسۇلاتلارغا سېلىنغان كاپىتال قانچە كۆپەيسە، باھا شۇنچە تۆۋەنلەپ، پايدا نىسبىتى ئازىيىپ كېتىدۇ - دە، كاپىتال سالغۇچىلار چېكىنىپ چىقىدۇ، بۇ ئەھۋالنى بازارغا تايىنىپلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، بازار پۇلنىڭ كاپىتال سېلىش ۋاستىسى بولۇش رولىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. رېئال ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا، كىشىلەر كۈندىلىك ئىستېمال چىقىمى، تاسادىپىي چىقىملارغا تەييار تۇرۇش ۋە پاي چېكى قاتارلىق ئاكسىيە سېتىۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، زاپاس نەق پۇل ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال پۇل مۇئامىلىسى جەريانىدا، پۇل كاپىتالى سېلىش مىقدارىنى ئازايتىۋېتىدۇ، كاپىتال سېلىشقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما كاپىتال سېلىش مىقدارى كۆپەيسە، تەننەخ يۇقىرىلاپ كېتىدۇ - دە، كاپىتال سېلىش يەنىلا چېكىنىدۇ. بۇنى بازارنىڭ رولىغا تايىنىپ ھەل قىلىش تەسكە توختايدۇ.

كېينىسنىڭ قارىشىچە، بازارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجىزلىقلىرى ۋە چەكلىمىلىكلىرى تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتتە ئىستېمال ئېھتىياجى بىلەن كاپىتال سېلىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلماسلىقتەك ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە ئىشسىزلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈشۈقچىلىقى ھادىسىسى يۈز بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولىدۇ. شۇڭا، «بازاردىن ھالقىغان ھەرىكەت» قوللىنىش، يەنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، بازار پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن ئىجتىمائىي تەمىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇرۇشى زۆرۈر.

كېينىس يۇقىرىقى قاراشلىرى ئاساسىدا، ھۆكۈمەت (دۆلەت) نىڭ بازارنى ماكرولۇق تىزگىنلەش سىستېمىسىنى لاھىيىلەپ چىقىپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى چوڭ سىستېمىغا ئايرىغان: بىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئارقىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسى، يەنى ھۆكۈمەت چىقىمى ۋە باج پىشاڭدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش؛ يەنە بىرى، ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئارقىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسى، يەنى مەركىزىي بانكىنىڭ پۇل تارقىتىش مىقدارى ۋە ئۆسۈم نىسبىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تىزگىنلەش. كونكرېت تەدبىر جەھەتتە، ئىشسىزلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۈشۈقچىلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ھالسىراپ قېلىش ھادىسىلىرى پەيدا بولغاندا، ھۆكۈمەت باجنى كېمەيتىش، قەغەز پۇل بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش، ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش چارىلىرى ئارقىلىق، ئىستېمالغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ياكى ھۆكۈمەت چىقىم قىلىش ئارقىلىق كاپىتال سېلىش ساھەسىنى كېڭەيتىش؛ پۇل پاخاللىقى پەيدا بولغاندا، باج تۈرلىرى ۋە باج نىسبىتىنى كۆپەيتىش، قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى ئازايتىش، ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۈنۈملۈك چەكلەش ۋە باشقىلار.

## 4. «كېيىنكى كېينىسىزم» ئارىلاشما ئىقتىساد ئېقىمى بىلەن «يېڭى كېمبىرىج ئېقىمى»

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 60 - يىللارغىچە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى كېينىس نەزەرىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈشىنىڭ ئاساسى قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشىنى يولغا قويۇپ، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ئەمما 60 - يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ھەربىي خىراجەتنىڭ ئېشىپ كېتىشى، غايەت زور مىقداردىكى پاراۋانلىق خىراجىتى، نېفىت باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، ياپونىيە ۋە گېرمانىيە فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيىتى سودىسىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، ئامېرىكىنىڭ مالىيىسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى چۈشۈپ كەتتى. زور مىقداردىكى ئالتۇن سىرتقا ئېقىپ، پۇل پاخاللىشىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال غەرب ئەللىرىنى چىقىش يولى ئىزدەشكە، نەزەرىيە ساھەسىدە بولسا، كېينىسىزمنى قايتا تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، نەتىجىدە، «كېيىنكى كېينىسىزم» دەپ ئاتالغان تەتقىقات نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

«كېيىنكى كېينىسىزم»، ئەمەلىيەتتە، نۇقتىئىنەزەرى، تەتقىقات ئۇسۇلى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئېقىمدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكىلىق پروفېسسور سامېلسون (1915 —) باشچىلىقىدىكى «يېڭى كلاسسىك ئارىلاشما ئىقتىساد ئېقىمى». ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كېينىسنىڭ «ئۈنۈملۈك ئېھتىياج»نى باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ھۆكۈمەتنىڭ قىسقا مەزگىللىك تىزگىنلەش پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ماكرولۇق تىزگىنلەشنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، تەمىنلەش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش لازىم. سامېلسون ئېقىمى ئادام سىمىت بىلەن مارشالنىڭ مىكرولۇق تەھلىلى بىلەن كېينىسنىڭ ماكرولۇق تەھلىلىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بازارنىڭ ئەركىن رىقابىتى بىلەن دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشىنى بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، «ئارىلاشما ئىقتىساد ئېقىمى» دەپ ئاتالدى. «يېڭى كېينىسىزم»دىكى يەنە بىر ئېقىم كېمبىرىج داشۆسىدىكى بىر تۈركۈم داڭلىق ئىقتىسادشۇناسلاردىن تەركىب تاپقان «يېڭى كېمبىرىج ئېقىمى» بولۇپ، ئۇلار سامېلسون نەزەرىيىسىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىپ، دۆلەتنىڭ مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىشتىكى فۇنكسىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىپ، كېينىسىزمنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئارىلاشما ئىقتىساد ئېقىمى» بىلەن «يېڭى كېمبىرىج ئېقىمى» گەرچە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىختىلاپ ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئىككىلىسى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر - بىرىنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ ھەم كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن ۋاز

كەچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ۋە ئىختىلاپلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئورتاق قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇش - بولماسلىقى ماكرولۇق تىزگىنلەش ۋاستىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش - قوللىنالماسلىققا باغلىق. ئىككىنچى، ئۇنۇملۇك تەمىنلەشنى باشقۇرۇش، ئۇنۇملۇك ئېھتىياجنى باشقۇرۇشقا ئوخشاشلا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى يالغۇز كاپىتال سېلىش، ئىستېمال ۋە پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ مىقدار قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى ۋە قۇرۇلمىسىغىمۇ باغلىق. تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ يىرىك كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى مونوپول قىلىۋېلىشىنى چەكلىشى بازار پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشىشىگە ۋە ئادىل رىقابەتنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە باشقىلار.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بىز يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدىكى ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان ئامىللارنى ئەينەك قىلىشىمىز لازىم. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئەينەك قىلىشقا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپ ۋە ئامىللارنى ئويلىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ:

(1) بازار پائالىيەتلىرى ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلىق تۈردە پايدىلىنىش ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشلەر ئىچىدە راۋاجلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان جەريان. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدىكى ئىزدىنىشلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

ئادام سىمىتنىڭ «كۆرۈنمەس قول» نەزەرىيىسى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تامامەن بازار مېخانىزمىنىڭ ئەركىن ئىدارە قىلىشىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر خىل يۈزلىنىش دەپ قاراپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە مۇتلەق ئەركىن بولۇشنى قۇۋۋەتلىگەن. ئادام سىمىتنىڭ نەزەرىدە، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشى «ئارتۇقچە»، ھەتتا «كېرەكسىز» نەرسە ئىدى، ئادام سىمىتنىڭ بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرى، ئەمەلىيەتتە، «بازار ئېتىقادچىلىقى» نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇق سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇر ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي بولالمىغانلىقى ناھايىتى روشەن، بۇ — ئەينى چاغلاردىكى ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىكى كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىپادىسى ۋە مەھسۇلى.

كېينىسىنىڭ تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىكى كاپىتالىزم تەرەققىياتىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئادام سىمىت تەشەببۇس قىلغان، تامامەن بازار رىقابىتى ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان بازار ئىگىلىكى شەكلى بازار ئىگىلىكىنىڭ بىردىنبىر شەكلى ئەمەسلىكىنى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر (مەسىلەن، ئىشسىزلىق، پۇل پاخاللىقى قاتارلىقلار) نى بازار مېخانىزمىغىلا تايىنىپ ھەل قىلغىلى

بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېينىس تەشەببۇس قىلغان دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى، كارخانىلارنى بىۋاستە تىزگىنلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئىقتىسادىي پىشاڭ، ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئارقىلىق ۋاستىلىك تىزگىنلەشنى مەزمۇن قىلىدۇ. كېينىس نەزەرىيىسى غەرب ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھەقىقەتەن بىر مەزگىل گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كاپىتالىزم دۇنياسىنى قاتمۇقات زىددىيەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

«كېيىنكى كېينىسىزم»چىلار يېڭى ئىقتىسادىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، كېينىسنىڭ مالىيە - پۇل سىياسىتىگە تايانغاندىلا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆيۈشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىگەندە، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بايقاشتى، شۇڭا ئۇلار دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى، يەنى بازار مېخانىزمىنىڭ رولىغا تايىنىپ تەڭشەشكە تېگىشلىكلىرىنى بازارغا قويۇپ بېرىشنى، بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە قىيىن بولغان ياكى ئۈنۈمى بولمايدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئارىلىشىشنىڭ لازىملىقىنى، ئومۇمەن دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلىشى بىلەن بازارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەڭشىشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشنىڭ لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىشتى، بۇ «يېڭى كېينىسىزم» نەزەرىيىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىدىن تارتىپ «كېيىنكى كېينىسىزم» نەزەرىيىسىگىچە بولغان بازار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر دىئالېكتىك ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش ھالىتىدە راۋاجلىنىپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، تولۇقلىنىپ باردى، بۇ ھال سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشىنىڭ بىر جەريانى سۈپىتىدە، ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغانلىقىنى ۋە مەزمۇنىنىڭ بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

(2) بازار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىشتەك ئاكتىپ رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بازار ھەممىگە قادىر نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا مۇكەممەل بولغان بازار ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئادام سىمىتنىڭ نەزەرىدە، ئەركىن بازار ئىگىلىكى مۇكەممەل بولغان ئالىي شەكىل، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەر، ھەتتا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى باراۋەرلىك، ئادىللىق، ئەركىنلىك قاتارلىق غەيرىي ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىمۇ ئەركىن بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق «بازار ئېتىقادچىلىقى»، بىر تەرەپتىن، ئادام سىمىتنىڭ مېركانتىلىزم نەزەرىيىسىگە بولغان كۈچلۈك تەنقىدىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادام سىمىت نەزەرىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكلىكى ۋە چەكلىمىلىكلىكىنىمۇ ئەكس

ئەتتۇرىدۇ.

كېينىس ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئەركىن بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىگە تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. مەسىلەن، كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەمگەك كۈچى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى باشقا ئادەتتىكى تاۋارغا ۋە تاۋار بازىرىغا ئوخشايدۇ، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش بىلەن ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەمگەك كۈچىنىڭ بازار باھاسى تەڭشەيدۇ؛ ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتسە، ئىش ھەققى (تەمىنلەش باھاسى) بارغانسېرى تۆۋەنلەيدۇ؛ ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق تەرەپ تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى ياللاشقا باشلايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىشسىزلىق نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كېينىسنىڭ قارىشىچە، ئەركىن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇنداق تەڭشەش ئىقتىدارى يوق، چۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، جەمئىيەتنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياجى بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنى سىغدۇرۇشىدا پات-پات «نىسپىي تويۇنۇش» ھادىسىسى بولۇپ تۇرىدۇ. تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىغدۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا، بازار ئامىللىرىدىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي ئەنئەنە، تۈزۈم، مەدەنىيەت قاتارلىق غەيرىي بازار ئامىللىرىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەمدە ئىش ھەققى سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجنى نورمال ئىزغا چۈشۈرۈشتە، بازار سىرتىدىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك ۋاسىتىگە، يەنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدىكى ئىلمىي تەھلىلى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ: بىرىنچى، بازار پائالىيىتى ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈملۈك رول ئويناش-ئوينىماسلىقى بازار تەرتىپىنىڭ مۇكەممەل بولۇش-بولماسلىقىغا، يەنى ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. ئەگەر بازار تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ، بازار قانۇن-تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولمىسا، بازار مېخانىزمى ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالمايدۇ، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇش نورمال راۋاجلانماي، ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئالىدۇ. پەقەت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئارىلىشىش فۇنكسىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئالاقىدار بازار قانۇن-تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىققاندىلا ۋە قاتتىق ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئورناتقىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، مونوپول قىلىش-بازار ئىگىلىكىگە بىۋاستە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئامىل. مونوپول قىلىش قانچە كۈچەيسە، ئادىل رىقابەتلىشىش شۇنچە ئاجىزلايدۇ. ناتوغرا رىقابەت تەرەققىياتى مەلۇم نۇقتىغا يەتكەندە، بىر قىسىم كارخانىلار رىقابەتتە يېڭىلىپ، قاتاردىن چىقىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. بىر قىسىم كارخانىلار بولسا، رىقابەتتە يېڭىدۇ-دە، كاپىتالى زورىيىپ غايەت زور مونوپولىيە شەكىللەندۈرىدۇ. بازار ئىگىلىكى مونوپولىيىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلالمايدۇ. ناتوغرا رىقابەتنى چەكلەپ، مونوپول قىلىشنى كونترول قىلىش پەقەت دۆلەتنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ ۋە باشقىلار.

(3) بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەڭشىشىگە يول قويۇش بىلەن بىللە، ئىلمىي بولغان پىلانلىق باشقۇرۇشقىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

كلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىدە، پىلان بىلەن پىلانلىق ئىگىلىك ئۇقۇمى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. يېقىنقى زامان غەرب ئىقتىسادشۇناسلىقى ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ ئۇرۇش

مەزگىلدە يولغا قويغان پىلانلىق ئىگىلىككە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇق ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش تۈپەيلىدىن، پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ ئىلغار تەرىپىنى تىلغا ئالمىغان، ھەتتا ئۇنى بازار ئىگىلىكىگە تامامەن يات بولغان، بازار ئىگىلىكى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئامىل قىلىپ قويغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى، كېينىسنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەش نەزەرىيىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە مەلۇم ئىجادىي نەتىجە بېرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا، كىشىلەر ئىلمىي بولغان ئىقتىسادىي پىلان ۋە پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم تەشكىللەش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇدى ھەم ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، غەرب دۇنياسىدىكى بىر قىسىم ئەللەر، مەسىلەن، ئامېرىكا، فرانسىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتى قاتارلىقلارنى ئاساس، ئىش ھەققى، باھا سىياسىتى قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تەڭشىشى بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پىلان ۋاستىسى ۋە پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەش ۋە تىزگىنلەشتىكى ئىجابىي رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بۇ جەھەتتە ئېنىق قىلىشقا بولىدىغان تۆۋەندىكىدەك تەرەپ ۋە مەزمۇنلار بار: بىرىنچى، پىلان ۋە بازار ئوخشاشلا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇشتىكى ئىقتىسادىي ۋاستە، بۇ ۋاستىلەردىن قايسىسىنى قوللىنىش، بۇ ۋاستىلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ۋە ئۇنۇمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى قاتارلىقلار ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات تەلىپى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇكى، بىرەر ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمگە باغلىق بولمايدۇ. ئىككىنچى، بۇ يەردىكى پىلانلىق باشقۇرۇش، ئاساسەن، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان ئىكەنلىكى، زورلاش خاراكتېرىنى ئالغان مەمۇرىي ۋاستىلەرگە تايىنىپ يولغا قويۇلىدىغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئەمەس. چۈنكى بازار ئىگىلىكى بىلەن يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان بىر قەدەر ئوڭاي بىرىكىپ ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. ئۈچىنچى، پىلاننى يولغا قويۇش ۋە پىلانلىق باشقۇرۇشنى بازار ئىگىلىكىگە تەتبىق قىلىشنى مۇكەممەل ۋە مۇۋاپىق بولغان قانۇن - تۈزۈم بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن، قانۇن تەرتىپلىرى بويىچە ئادىل رىقابەتلىشىدىغان يېڭىچە بازار ئىگىلىكى بولۇش خاراكتېرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇشۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئەمدىلا باشلاندى، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا، ھارماي - تالماي ئىزدىنىشكە، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە جانلىق تەتبىقلاشقا، جۈملىدىن يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەپ ۋە ئامىللارنى ئېنىق قىلىشقا، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

# ساكلارنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار

شېرىن قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ رايونى قەدىمكى دەۋردە ساكلار كەڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە جوڭقۇر تارىخىي ئىز قالدۇرغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى. بۇ ماقالىدە، قەدىمكى جۇڭگو، پارس ۋە گرېك كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە ياد - نامىلىرىدىكى ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 1. «خەننامە» دىكى ساكلارغا ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخچىسى — بەنگۇ (مىلادى 32—92 - يىللىرى) نىڭ «خەننامە» سىدە ساكلارغا دائىر يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار مەزكۇر تارىخىي ئەسەرنىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «جاڭچيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىهالى» دا ئۇچرايدۇ.

«ئۇيسۇن بەگلىكى ... شەرقىدە هۇنلار بىلەن، غەربىي شىمالىدا كانگا، غەربىدە پەرغانە، جەنۇبىدا قەلئە بەگلىكلىرى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخارلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇيسۇن كۈنبېگى ئۇلۇغ توخارلارنى يەڭدى. توخارلار غەربكە كۆچۈپ باكترىيىنى بويسۇندۇردى، ئۇيسۇن كۈنبېگى ئۇلۇغ توخارلار كۆچۈپ كەتكەن زېمىندا ماكانلىشىپ قالدى. شۇڭا، ئۇيسۇنلاردا ساكلار ۋە ئۇلۇغ توخارلارنىڭ نەسلى بار.»①

«ئىلگىرى هۇنلار ئۇلۇغ توخارلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخارلار غەربكە يۆتكىلىپ باكترىيىگە، ساكلار خانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە هۆكۈمرانلىق قىلغاندى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلې (قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، جۇەندۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى.»②

«ئەركەشتام بەگلىكى قۇش جەۋلان قەلئەسىنى ئاستانە قىلغان بولۇپ، سوڭلىڭ (پامىر) تاغلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10 مىڭ 210 چاقىرىم

كېلىدۇ. ئاھالىسى 358 تۈتۈن، 1030 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 480 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3121 چاقىرىم كېلىدۇ. جۇەندۇ بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى يانتۇن جىلغىسىغا 60 چاقىرىم، غەربىي شىمالدىن پەرغانە خانلىقىغا 920 چاقىرىم، غەربىدىن ئۇلۇغ توخارلار خانلىقىغا 1610 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم - جامىلىرى ئۇيسۇنلار بىلەن ئوخشاش، ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىپ ياشايدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى.»③

«جۇەندۇ بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى يانتۇن جىلغىسىدا بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9860 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 380 تۈتۈن، نوپۇسى 1100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر. شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2861 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا سۇلې (قەشقەر) غا بارغىلى بولىدۇ. جەنۇبىي سۇگلىك (پامىر) بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە ئادەم يوق، غەربتە سۇگلىكتىن ئۆتسە ئەركەشتامغا بارغىلى بولىدۇ. غەربىي شىمالدىن پەرغانىغىچە 1030 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىي ئۇيسۇنلار بىلەن تۇتىشىدۇ. كېيىم - كېچەكلىرى ئۇيسۇنلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى.»④

«... بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغ توخارلار ھۇنلار تەرىپىدىن ئالىنقاچان مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربتە ساكلارنىڭ خانىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. ساك خانى ئېلىنى ئېلىپ يىراق جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ توخارلار ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپتۇ.»⑤

«خەننامە» دىكى ساكلارنىڭ تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر ھەجىم جەھەتتىن ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ خاتىرىلەر ساكلار جەمئىيىتىنىڭ يىراق تارىخىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بىرىنچىدىن، قەدىمكى دەۋردە، ساكلارنىڭ ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، بۇ دائىرىدە خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 220 - يىلدىن مىلادى 202 - يىلغىچە) دىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ياكى كېيىنكى 50 بەگلىك ئىچىدىكى ئۇيسۇن بەگلىكى، ئەركەشتام بەگلىكى، جۇەندۇ بەگلىكى ۋە باكتىرىيە خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەگلىكلەر ئىچىدە ئۇيسۇن بەگلىكى «غەربىي يۇرت بويىچە ئەڭ كۈچلۈك خانلىق» ⑥ بولۇپ، تەڭرى تېغىدىن ئىلى دەرياسى ساھىللىرىغىچە بولغان چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنى ئىدارە قىلغان. ئەركەشتام بەگلىكى (休循国) بىلەن جۇەندۇ بەگلىكى (捐毒国) سۇگلىك (پامىر ئېگىزلىكى) نى ئىدارە قىلغان. باكتىرىيە خانلىقى بولسا بەلخ شەھىرىنى ئاستانە قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسلىق زېمىنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنداق بولغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردە، ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى، تەڭرى تېغى، يەتتە سۇ رايونى، ئالاي چوققىسى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە قەدىمكى باكتىرىيە زېمىنىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ توخارلارغەربكە — ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەڭ زېمىن ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. خۇددى «خەننامە، غەربىي يۇرت

تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «ئۈيسۈنلارنىڭ زېمىنى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى»، ⑦ «ئەركەشتام بەگلىكى، ئۇلار ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى»، ⑧ «جۆەندۇ بەگلىكى، ئۇلارمۇ ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى.» ⑨ ئۇچىنچىدىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنلا، ساكلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئۆزىنىڭ خانلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ساكلار پاشايى» (ساكلارنىڭ شاھى) دەپ ئاتالغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «خەننامە» دىكى ساكلارغا ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ساكلارنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەت دائىرىسى كەڭ، ئىجتىمائىي پائالىيەت تارىخى ئۇزۇن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت - سەنئىتى تەرەققىي قىلغان. شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن بايقىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 2. قەدىمكى پارس ئابىدىلىرىدىكى ساكلارغا ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار

قەدىمكى پارس ئاھمانىلار خاندانلىقى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 550 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 - يىللار) نىڭ شاھىنشاھى دارا I (گرېكچە دارىيۇس، مىلادىدىن بۇرۇنقى 521 — 486 - يىللار سەلتەنەت سۈرگەن) دەۋرىدە پايتەخت قىلىنغان پېرسىپول شەھىرىدە پېرسىيە شاھلىرى سالدۇرغان ئوردا - قەسىرلەر بار. پېرسىيە شاھلىرى كور (مىلادىدىن بۇرۇنقى 558 — 529 - يىللار دەۋر سۈرگەن)، گامب (مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 — 522 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ۋە دارا I قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. بۇلاردىن دارا I نىڭ قەبرىسى تاشتىن ئالاھىدە ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە مىق يېزىقتا يادنامە ئويۇلغان. مانا مۇشۇ يادنامە «نەقشى رۇستەم» ئابىدىسى دېيىلىدۇ. مەزكۇر مىق يېزىقلىق ئابىدىدە، دارا I نىڭ شاھلىق پائالىيىتى ۋە تۆھپىلىرى ئويۇلغاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىق ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئائىت ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئابىدىنىڭ 15 - قۇرىدىن 30 - قۇرىغىچە مۇنداق خاتىرە بار: «پادىشاھ دارا مۇنداق دېگەن: ئاھرۇمازدانىڭ ئىرادىسى بويىچە، پارستىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئۆلكىلەرمۇ ماڭا قارام بولدى، مەن ئۇلارنىڭ مۇتلەق پادىشاھى، ئۇلار ماڭا ئولپان تاپشۇرىدۇ، پەرمانىمنى ئىجرا قىلىدۇ، قانۇنۇمغا بويسۇنىدۇ. ئۇلار مىدىيە، سوگىئەننا، پارتىخىيە، ئارىيە، باكتىرىيە، سوغدىياننا، خارەزىم، دېراندىياننا، ئاراخۇسىيە، ساتاگىدىيە، گاراندارا، ھىندى، ساكا خائوماۋارگا (مۇقەددەس گىياھنى تۇمار قىلغان ساكلار)، ساكا تېگىراھائۇدا (ئۇچلۇق تاج كىيگەن ساكلار)، بابىلون، ئاسورىيە، ئەرەبىيە، مىسىر، ئەرمىنىيە، كاپىدۇسىيە، سپاردا، ئىئانىيە، ساكا تېئاي تارادراھا (دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىغۇچى ساكلار)، دىراگىيە ۋە ماكىدون، كەڭ

قالپاقلىق ئىئانىيلىكلەر، لىبىيلىكلەر، ئېفىئوپىيىلىكلەر، مەكرانىيىلىكلەر، كارىيلىكلەردىن ئىبارەت.»⑩

يۇقىرىدىكى تېكىستتىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ساكلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇھى بولۇپ، بۇلاردىن ساكا خائومااۋارگا (مۇقەددەس گىياھنى تۇمار قىلغان ساكلار) بىلەن ساكا تېگراخائۇدا (ئۇچلۇق تاج كىيگەن ساكلار) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باكترىيە رايونىغا تۇتاش جايلاردا ياشىغۇچى ساكلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى ئابىدىدە ئۇلارنىڭ نامى بىر يەرگە تىزىلغان، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ ئالدىدا سوغدىيانىنا، خارەزىم، ھىندى قاتارلىق شەرق ئەللىرىنىڭ نامى بار. ئادەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ يۇقىرىقى ئىككى خىل ساكنى قەدىمكى پارسقا يېقىن جايلاردا ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى دەپ قارىماقتا. ساكا تېئاي تارادراھا (دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىغۇچى ساكلار) غا كەلسەك، ئۇلارنىڭ زېمىنى مىسىر، سپاردا قاتارلىق ئەللەرنىڭ زېمىنىگە تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ياۋروپا ساكلىرى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، قارا دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار، ياۋروپالىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ياۋروپا سىكتىيانلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قەدىمكى پارسلار سىكتىيانلارنى ساكلار دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا سىكتىيانلىرى قارا دېڭىزنى پاسىل قىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى ئۇزاققىچە پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن تىركەشكەن. شۇڭا، پارسلار بۇ ياۋروپا سىكتىيانلىرىنى «دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ساكلار» دەپ ئاتىغان. مەشھۇر گرېك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ تىلى بىلەن دېسەك، «پارسلار بارلىق سىكتىيانلارنى ساكلار دەپ ئاتايتتى.»⑪

قەدىمكى پارسلارنىڭ «بېھىستۇن ئابىدىسى» مۇ جاھانغا مەشھۇر. «بېھىستۇن» قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى. ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدا، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابە - ئىزنالىرى يەنىلا مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

پېرسىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شاھى دارا I ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى يادنامە قىلىش ئۈچۈن، بېھىستۇندا باغدادتىن تېھرانغا بارىدىغان يول ياقىسىدىكى ئېگىزلىكى 450 مېتر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك قىيا تاشقا بىر ئابىدە ئويدۇرغان. مەزكۇر ئابىدە تارىختا «بېھىستۇن ئابىدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئابىدىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆكرىكىنى چىقارغان ھالەتتە غالىپلارچە ئىپتىخار بىلەن تۇرغان دارا I نىڭ پۈتۈن ھەيكىلى ئورنىتىلغان. دارا I نىڭ پۇتلىرى ئاستىغا تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەيكىلى ئويۇلغان. يان تەرىپىگە يەنە بوينىغا سىرتماق سېلىنغان، ئىككى قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان توققۇز ئەسىرنىڭ ھەيكىلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ توققۇز كىشى دارا I مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىنى يەڭگەندە ئەسىرگە چۈشكەن توققۇز ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوبرازى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قىيا تاشقا قەدىمكى پارس، ئارىيان ۋە بابىلون - سومىر يېزىقلىرىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر تېكىست ئويۇلغان. تېكىستتە دارا I نىڭ شاھلىق پائالىيەتلىرى، كېڭەيمىچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، زەردوشت دىنى ئايەت - تەلىماتلىرى، شاھلىق نەسەب - ۋارىسلىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى پېرسىيە خاندانلىقىغا قارام ساك قاتارلىق 29 ئۆلكىنىڭ مەلۇماتلىرى بېرىلگەن.

«پادىشاھ دارا I مۇنداق دېگەن: ئاھۇرمازدانىڭ ھىممىتى بىلەن تۆۋەندىكى ئۆلكىلەر

ماڭا مەنسۇپ بولدى، مەن ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولدۇم. ئۇلار: پارس، سوگىئەننا، بابىلۇن، ئاسورىيە، ئەرەب، مىسىر، دېڭىز بويىدىكىلەر، سپاردا، ئىئانىيە، مىدىيە، ئەرمىنىيە، كاپپادۇسىيە، پارتىنخىيە، دىراندىيانىنا، ئارىيە، خارەزىم، باكتىرىيە، سوغدىيانىنا، گاراندارا، ساكا (ساكلار)، ساتاگىدىيە، ئاراخۇسىيە، مەكرانىيە، ئىشقىلىپ 23 ئۆلكىنىڭ ھەممىسى.» [12]

«پادىشاھ دارا I مۇنداق دېگەن: مەن بابىلۇندىكى چېغىمدا، تۆۋەندىكى ئۆلكىلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلار پارس، سوگىئەننا، مىدىيە، ئاسورىيە، مىسىر، پارتىنخىيە، مەرگىيانىنا، ساتاگىدىيە، ساكا (ساكلار) دىن ئىبارەت.» [13]

«پادىشاھ دارا I مۇنداق دېگەن: كېيىن، مەن قوشۇنلىرىم بىلەن بىرلىكتە ساكلارغا قارشى يۈرۈش قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار — دېڭىز سىرتىدىكى ئۇچلۇق تاج كىيگەن ساكلار مېنىڭ يۈرۈشۈمگە قارشىلىق كۆرسەتتى. مەن دېڭىز ياقىسىغا كەلدىم، ياغاچتىن كۆۋرۈك ياساپ، قوشۇنلىرىم بىلەن دېڭىزدىن ئۆتتۈم. ئاندىن ساكلارغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدىم، ئۇلارنى تارمار قىلدىم، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر ئالدىم، بىر قىسمى باغلىنىپ ماڭا كۆرسىتىشكە ئېلىپ كېلىندى، ئۇلارنىڭ سكۇنخا ئىسىملىك ئەڭ چوڭ باشلىقىمۇ باغلىنىپ ئالدىمغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ يەردە مەن ئۆز ئارزۇ - ئىرادەم بويىچە، باشقا بىر كىشىنى ئۇلارغا ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران قىلىپ بېكىتتىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەل مېنىڭكى بولدى.» [14]

قەدىمكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى پېرسىپۇل شەھىرىدە پادىشاھ دارا I ياسىغان يەنە بىر ئابىدە بار. بۇ ئابىدە ئادەتتە «پېرسىپۇل ئابىدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئابىدىدىمۇ ساكلارغا ئائىت بىر قىسىم ئۇچۇر - مەلۇماتلار بار.

«پادىشاھ دارا I مۇنداق دېگەن: ماڭا قارام بۇ خانلىق سوغدىيانىنىڭ ئۇداۋلىدا بولۇپ، ساكلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئېفىئوپىيىگىچە سوزۇلۇپ، ھىندىدىن تارتىپ سپارداغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى ئاھۇرمازدا بۇ زېمىننى ماڭا نېسىپ قىلدى، ئاھۇرمازدا مېنى ئۆز دەرگاھىدا پاناھ ئەتتى، يەنە مېنىڭ شاھلىق نەسەبىمنى قوغدىدى.» [15]

«پادىشاھ دارا I مۇنداق دېگەن: ئاھۇرمازدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تۆۋەندىكى ئۆلكىلەر پارس خەلقى بىلەن بىرلىكتە مېنىڭ ئەمرىمگە قاراشلىق، ئۇلار مېنىڭدىن قورقىدۇ، ماڭا ئولپان تاپشۇرىدۇ، ئۇلار: سوگىئەننا، مىدىيە، بابىلۇن، ئەرەب، ئاسورىيە، مىسىر، ئەرمەنىيە، كاپپادۇسىيە، سپاردا، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى ئىئانىيىلىكلەر، دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر، ئاساگارتا، پارتىنخىيە، دىراندىيانىنا، ئارىيە، باكترىيە، سوغدىيانىنا، خارەزىم، ساتاگىدىيە، ئاراخۇسىيە، ھىندى، گاراندارا، ساكا (ساكلار)، مەكرانىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.» [16]

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، دارا I نىڭ «سۇسا ئابىدىسى»، پادىشاھ خەرسىس I (مىلادىدىن بۇرۇنقى 485 — 465 - يىللار سەلتەنەت سۈرگەن) نىڭ «پېرسىپۇل ئابىدىسى» دىمۇ قەدىمكى پارس ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ئەللەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندا ساكلار تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمكى پارس ئابىدىلىرىدىكى يازمىلاردىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ساكلار ئۈچ خىل گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككى گۇرۇھ سىر دەرياسى ۋە سوغدىيانىناغا ياندىش رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، بىر گۇرۇھ قارا دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىغان ھەم پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئومۇمەن، ساكلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، ساكلار ناھايىتى ئۇزاققىچە پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان. بۇ جەرياندا، ئۇلار كۆپ قېتىم پارس ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغان، بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قەدىمكى «تومارىس رىۋايىتى» بىلەن «شىراق رىۋايىتى» دىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى رىۋايەتتە، ساكلارنىڭ پارس ئىمپېرىيىسىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى خىلمۇخىل جەڭ پائالىيەتلىرى بۈيۈك خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن.

## 3. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى ساكلارغا ئائىت ئۇچۇر - مەلۇماتلار

ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان قەدىمكى گرېتسىيە (يۇنانىستان) ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم مەدەنىيىتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ھېرودوت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار) قەدىمكى گرېكلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر كلاسسىك تارىخشۇناسى بولۇپ، دۇنيادا «تارىخشۇناسلىقنىڭ پىرى» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ توققۇز توملۇق «تارىخ» ناملىق ئەسىرى مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە مول‍لۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ پاراسەتلىكى بىلەن تارىخ ئەھلى ئارىسىدا ئەتىۋارلىقتۇر. مەزكۇر ئەسەردە ساكلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىگە ئائىت كەڭ مەزمۇن بار.

«ئەسلىدە كورشاھنىڭ يېنىدىكى بابىلۇنلۇقلار ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. باكتىرىيىلىكلەر، ساكلار ۋە مىسىرلىقلارمۇ ئۇنىڭغا توسالغۇ ئىدى. شۇڭا، كور شاھ ئۆزى لەشكەر تارتىپ بۇ ئەللەرنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. ئىئانىيىلىكلەرنى ئىستېلا قىلىشنى بولسا باشقا بىر سەركەردىسىگە تاپشۇردى.»⑰

«كور بابىلۇنلۇقلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ماساگېتلارنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماقچى بولغان. لېكىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماساگېتلار باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر كۈچلۈك مىللەت، ئۇلار شەرق تەرەپتىكى كۈن چىقىدىغان جايدا، ئاراكساس دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا ۋە ئىسدونېستلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدىكەن، بەزىلەر ئۇلارنى سېكتىيانلارنىڭ بىر ئۇرۇقى دېيىشىدۇ.»⑱ «كاسپى دېڭىزى دەپ ئاتالغان بۇ دېڭىزنىڭ غەربىي تەرىپىدە كافكاز تاغ تىزمىلىرى بار. ئۇنىڭ شەرقىدىكى كۈن چىقىدىغان جايدا بىپايان تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى كورىيۇس ھازىر ئىستېلا قىلماقچى بولۇۋاتقان ماساگېتلارغا تەۋە.»⑲

«ماساگېتلار سېكتىيانلار بىلەن ئوخشاش كىيىم كىيىدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ

ئوخشايدۇ، ئۇلاردا ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر (بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ) بولۇپلا قالماي، ئوقيالىق ۋە نەيزىلىك ئەسكەرلەرمۇ بار، ئۇلار جەڭ پالتىسىنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئادەتلەنگەن.»[20]

«ھەربىرىلىككە كىرگەن باكتىرىيىلىكلەر بىلەن سىدىيىلىكلەرنىڭ باش كىيىملىرى بىر- بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز دۆلىتىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەرنى ئىشلىتىدۇ. سىكتىيانلارغا تەۋە ساكلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، ئۇلارنىڭ قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق. چوققىسى ئۇچلۇق، ئۇلار ئىشتان كىيىدۇ، ئۆز دۆلىتىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى ياساپ سانگارىس دەپ نام قويغان جەڭ پالتىسىنى ئىشلىتىدۇ، بۇ كىشىلەر گەرچە ئامىرگىيئوي سىكتىيانلار بولسىمۇ، لېكىن ساكلار دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى پارسلار بارلىق سىكتىيانلارنى ساكايى (ساكلار) دەپ ئاتايدۇ.»[21]

«ساكلار بىلەن كاسپىلار 250 تالانىد ئولپان تاپشۇرىدۇ، ئۇلار 15 - سەترابىيىگە، 16- سەترابىيىگە پارفىيىلىكلەر، خارەزىملىكلەر، سوغدىيانىلار ۋە ئارايىلار قارايدۇ، ئۇلار 300 تالانىد ئولپان تاپشۇرىدۇ.»[22]

«باكتىرىيىنى ئالغاندىن كېيىن، دارىيۇس ئۆزى لەشكەر تارتىپ سىكتىيانلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. چۈنكى ئاسىيالىقلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ، يەنە كېلىپ ئۇ يەردىن كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ سىكتىيانلارنى ئەدەبلەشنى ئويلىغان. ئەسلىدە سىكتىيانلار، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، يۇقىرى ئاسىيا (پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىكلەر) غا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.»[23]

«ئۇلار كالا سۈتى ئىچىدۇ، خىلمۇ خىل ئىلاھلار ئىچىدە، ئۇلار پەقەت قۇياش ئىلاھىغىلا ئىخلاس قىلىدۇ. ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئاتنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتنى قۇربانلىق قىلىشتىكى ئاساسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادىمىزات دۇنياسىدىكى ئەڭ چاپقۇر ئاتلا ئىلاھلار دۇنياسىدىكى ئەڭ تېز قۇياشقا ماس كېلىدۇ.»[24]

«بۇ چاغلاردا ماسا گېتلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تومارىس ئاتلىق بىر ئايال ئىدى. كور ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇ ئەلچىلەرگە: سىلەر ئۇنىڭغا پادىشاھ بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، پادىشاھ سىزنى نىكاھىغا ئالماقچى، دەپ يالغان گەپ قىلىڭلار، دەيدۇ. لېكىن، تومارىس ئۇنىڭ ھىيلىسىنى بىلدى، ئۇ ئويلىدىكى، كورنىڭ ئالماقچى بولغىنى تومارىس ئەمەس، بەلكى ماسا گېتلارنىڭ پادىشاھلىقىدۇر. شۇنىڭ بىلەن تومارىس ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشىگە ئىجازەت قىلمىدى. كور ئۆز پىلانىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، زور قوشۇننى باشلاپ ئاراكسىس دەرياسى بويىغا باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماسا گېتلارغا يۈرۈش قىلىدىغانلىق نىيىتىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۆۋرۈك ۋە باشقا مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.»[25]

«سىكتىيانلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ياش مىللەت دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇلار مۇنداق شەكىللەنگەنكەن ...»[26]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن باشقا، ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كاتتا ئەسىرىدە،

ساكلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر، سىكتىيانلار (ساكلار) يۇرتىدىكى مەشھۇر دەريا - چەشمىلەر، ئاۋات تۇزلەڭلىكلەر، تاغ - ئېدىرلار، ساكلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراق، تىل - يېزىق، بېيىت - قوشاق، ھېيت - ئايەم، ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسى، كىيىم - كېچەك، كۆرۈشۈش ئادەتلىرى، يىراق - يېقىندىكى ئەل ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، پارس ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جەڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ساكلارغا ئائىت تارىخىي يازمىلار ئىچىدە، ھىرودوتنىڭ خاتىرىلىرى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇپەسسەلدۇر.

## 4. ئارىئەننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش خاتىرىسى» دىكى ساكلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىگە دائىر تارىخىي ئۇچۇر - مەلۇماتلار

ئارىئەن (ياۋروپالىقلار فىلاۋىئوس ئارىيانۇس دەپ ئاتايدۇ)، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 95 — 175 - يىللىرى ياشىغان) — قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ تارىخچىسى ۋە گېئوگرافشۇناسى، ئارىستوتېل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 332 — 384 - يىللار) نىڭ ساداقەتمەنلىرى بولغان سىندۇكچىلار ئېقىمىنىڭ تەرەپدارى. ئۇ كىچىك ئاسىيانىڭ نىكومىدىيە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۆمرىدە كاپپادوسىيىنىڭ گوبېرناتورى بولغان. ئۇنىڭ يەتتە توملۇق «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش خاتىرىسى»، «ھىندىستان خاتىرىسى»، «قارا دېڭىز يوللىرى خاتىرىسى» قاتارلىق مۇھىم تارىخىي ۋە گېئوگرافىيە ئەسەرلىرى بار.

ئارىئەننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش خاتىرىسى» دىن ئالېكساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 330 - يىللار) نىڭ يىراق شەرققە يۈرۈش قىلغان مەزگىلىدىكى ساكلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

«دارا Ⅲ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 — 336 - يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ قوشۇنى ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قوشۇنىدا زور تۈركۈمدە پىدائىيلار بار ئىدى، پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى باكترىيە چېگرىسىدىكى ھىندى قەبىلىلىرىدىن كەلگەن، بىر قىسمى سوغدىيانا ۋە باكترىيىدىن كەلگەن. بۇ پىدائىيلار قوشۇنىغا باكترىيە ئامبىلى پاساس قوماندانلىق قىلاتتى. پىدائىيلار قوشۇنى ئىچىدە يەنە ئاسىيادا ماكانلاشقان سىكتىيانلار ئىچىدىكى ساكلار دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىمۇ بار ئىدى. ئۇلار پاساسقا بېقىندا بولغانلىق سەۋەبلىك پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتناشقان بولماستىن، بەلكى ئۇلار دارا Ⅲ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى. بۇ قوشۇن ئات ئۈستىدىن ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ماۋئاكىس ناملىق كىشى ئىدى.»(27)

«ئارۇستىبرانىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ دارا Ⅲ ئورۇنلاشتۇرغان قىسمىنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىغا ئائىت يازما ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، دارا Ⅲ نىڭ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ: ··· سول تەرەپكە، يەنى ئىسكەندەرنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى سىپىگە سىكتىيانلارنىڭ ئاتلىق

قوشۇنى، باكتىرىيىنىڭ مىڭدەك ئەسكەر ۋە 100 دەك مۇداپىئەلىنىش هارۋىسى ئورۇنلاشتۇرغان.» ㉘
دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، مۇشۇ مەزگىللەردە ساكلار پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىستېلاسىغا قارشى تۇرغان. ئىككىنچىدىن، ئارىئەننىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدىن مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتا ساكلار ئاسىيالىق ساكلار ۋە ياۋروپالىق ساكلار دەپ ئىككى خىل ئاتالغان.
ئارىئەننىڭ خاتىرىسىدە ئۈچ يەردە «ياۋروپا سېكتىيانلىرى» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ:
«ياۋروپا سېكتىيانلىرى ۋەكىل ئەۋەتتى، ئۇلار ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ مىللەت. ئىسكەندەرمۇ بىر قانچە يېقىن دوستىنى ۋەكىل قىلىپ، سېكتىيانلار ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۆز ۋەكىللىرىگە ئۇلار بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىسكەندەرنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى سېكتىيانلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش بولماستىن، بەلكى سېكتىيانلار ئېلىنىڭ جۇغراپىيىسىنى كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قورال - ياراق قاتارلىقلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىدى.» ㉙
«ياۋروپا سېكتىيانلىرى يەنە بىر قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ ئىسكەندەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىلگىرى ئىسكەندەر ئەۋەتكەن ۋەكىللەرمۇ ئۇلار بىلەن قايتىپ كەلدى... بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسكەندەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇندىغانلىق ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.» ㉚
«ئىسكەندەر بابىلۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياۋروپا سېكتىيانلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئاسىيانىڭ پادىشاھى بولغانلىقىنى مۇبارەكلىدى.» ㉛
يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارىئەن تىلغا ئالغان سېكتىيانلار ھىرودوت خاتىرىسىدىكى قارا دېڭىز ساھىلىدىكى سېكتىيانلاردۇر.
ئاسىيا سېكتىيانلىرى توغرىلىقمۇ ئارىئەن نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان:
«ھومېر ئۆزىنىڭ تارىخىي داستانلىرىدا سېكتىيان مىللىتىگە يۇكسەك ھۆرمەت بىلەن قارىغان، ئۇلارنى ئەڭ ھەققانىيەتچىل كىشىلەر دەپ ئاتىغان ... بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق، ئۇلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ.» ㉜
«كېيىن ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قومۇلۇققا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سېپتامېنېسنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئىسكەندەرگە تەقدىم قىلىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئىسكەندەرنىڭ يۈرۈش نىشانىنى بۇراپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئېيتىشلارچە، ئۇ چاغدا ماساگېتلار ئىنتايىن نامرات بولۇپ، يا ئۇلارنىڭ تۇرۇكىرەك شەھەر - بازارى يوق ئىدى، يا تۇرۇكىرەك پاناھلانغۇدەك ماكانى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئۇ دەرىجىدە غەم قىلىپ كەتمەيتتى، قانداق ئۇرۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىم ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارتسا، شۇنىڭغا بولۇشۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.» ㉝
ئارىئەننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش خاتىرىسى» دە، سېكتىيانلار، ماساگېتلار (يەنى ساكلار) نىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار بار.

## 5. سترابوننىڭ «گېئوگرافىيە» دېگەن ئەسىرىدىكى ساكلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت تارىخى ئۇچۇر ـ مەلۇماتلار

سترابون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63 ـ يىلدىن مىلادى 20 ـ يىللارغىچە) قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى ۋە تارىخچىسى، ئۇ ئاسىيادا تۇغۇلغان، كېيىن رىمدا ئولتۇراقلاشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يۇنان، مىسىر كىچىك ئاسىيا، ئېفىئوپىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ساياھەت قىلغان. ئۇنىڭ «گېئوگرافىيە» ۋە «تارىخشۇناسلىق» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بار.

سترابونغا ئاجايىپ شۆھرەت كەلتۈرگەن «گېئوگرافىيە» دېگەن ئەسەردە، جۇغراپىيىگە ئائىت مول بىلىملەر بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانا، باكتىرىيە ۋە ساكلار توغرىسىدىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار بار. ئۇ باكتىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تىلغا ئالغاندا، قەدىمكى تاشقورغاننىمۇ بىر قانچە يەردە تىلغا ئالغان.

«كاسپىي دېڭىزىنىڭ ساھىللىرىدا سېكتىيانلار ياشايدۇ، ئۇنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ماساگېتلار بىلەن ساكلار بار. بۇ يەردە باشقا ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان خەلقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن سېكتىيانلار ياشايدۇ. ئۇلار ئومۇمەن كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئاتاق چىقارغانلار گرېكلار قولىدىن باكتىرىيىنى تارتىۋالغان ئاسىيلار، (قەبىلە نامى) پاسىئانلار، توخارلار ۋە ساكالار بولۇپ، بۇلار سىر دەرياسى ساھىلىدىن كەلگەن، ئۇلار ساك ۋە سوغدىلار بىلەن تۇتاش جايلاردا ساكلار ئىگىلىگەن زېمىندا ياشايدۇ.»㉞

«ساك بىلەن سوغدىلارنىڭ زېمىنى پۈتۈنلەي ئۆزئارا تۇتاش، ئۇلار ھىندىنىڭ ئۇدۇلىدا، باكتېرىيىگە ئىنتايىن يېقىن. لاھارتىس دەرياسى ساك بىلەن سوغدىنى ئايرىپ تۇرسا، ئوكسوس (ئامۇ) دەرياسى سوغدىيانا بىلەن باكتىرىيىنى ئايرىپ تۇرىدۇ.»㉟

«ماساگېتلار كورشاھقا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلىگەن.»㊱

«ماساگېتلارنىڭ بىر قىسمى تاغ ئارىلىرىدا ياشىسا، بىر قىسمى تۈزلەڭلىكتە ياشايدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا، دەريا سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان ساسلىق ياكى ساسلىق ئاراللىرىدا ياشايدۇ. ئېيتىشلارچە، بۇ جايلار ئاراكسېس دەرياسى بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن. بۇ دەريادىن سان ـ ساناقسىز تارماق دەريالار بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، بىرلا تارماق دەرياسى خۇراسان قولتۇقىغا قاراپ ئاققاندىن باشقا، قالغان تارماق دەريالارنىڭ ھەممىسى شىمالىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.»㊲

«ماساگېتلار باكتىرىيىگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىنى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى بويلاپ سوزۇلغان.»㊳

سترابوننىڭ ساكلار ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى خېلى جەھەتلەردە ھېرودۇتنىڭ مەلۇماتىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي ۋە ئەقىلگە سىغىدۇ، چۈنكى بۇ ئىككى گرېك تارىخچىسىنىڭ ئارىلىقىدا تۆت يېرىم ئەسىردەك زامان پاسىلى بار. ئىككى تارىخچى ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ساكلار ئەھۋالىنى بايان قىلغان. شۇڭا، ھېرودوتنىڭ ساكلارنىڭ

كاسپى دېڭىزى ئەتراپىدا ياشىغان دېگىنىمۇ توغرا، ستىرابوننىڭ ساكلارنى ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ئەتراپىدا ياشىغان دېگىنىمۇ توغرا.

## 6. پتولمىنىڭ «گېئوگرافىيە» دېگەن ئەسىرىدىكى ساكلارغا ئائىت ئۇچۇر - مەلۇماتلار

پتولمى (تەخمىنەن مىلادى 90 — 168 - يىللار) قەدىمكى يۇناننىڭ ئاتاقلىق ئاسترونومى، جۇغراپىيە ئالىمى، ماتېماتىكا ۋە خەرىتىچىلىك مۇتەخەسسىسى، ئۇنىڭ سەككىز توملۇق «گېئوگرافىيە» ناملىق يىرىك ئەسىرى بار. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئومۇمىي نەزەرىيىۋى بىلىملەر بايان قىلىنغان. كېيىنكى قىسمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن ساكلار ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

«ساكلارنىڭ غەربىي چېگرىسى ئالدىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن سوغدىيانىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا تۇتۇشىدۇ، غەربىي چېگرىسى سېكتىيانلارنىڭ قارشىسىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپتىكى چېگرىسى ياسارتىش (سىر) دەرياسىنى بويلاپ تاكى مېردىيان °130، پاراللېل °49 غىچە سوزۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەرقىي تەرىپىمۇ سېكتىيانلار بىلەن تۇتۇشۇپ، چېگرا لىنىيىسى ئاسكاتانكاس تېغىدىن ئاتلاپ، ئىمائوس تېغى (پامىر تېغى) نىڭ مېردىيان °140 تىن پاراللېل °49 غا قەدەر سوزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمائوس تېغىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ، ئاخىرى مېردىيان °145 تىن پاراللېل ° 35 گىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ساكلار تېغى بىلەن ئىمائوس تېغىنى پاسىل قىلىدۇ. جەنۇبىي چېگرا لىنىيىسى يۇقىرىقى ئىككى تاغ تۇتۇشىدىغان يەرگىچە سوزۇلغان. ساكلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلاردا شەھەر يوق، ئۆڭكۈر ياكى ئورمانلىقتا يېتىپ قوپىدۇ.» ㊴

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پتولمىي دەۋرىدە، ساكلار ئاساسەن سوغدىيانىنىڭ شەرقىدە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدە، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا، ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

گرېك ئالىمى پتولمى ساكلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش جەريانىدا، بولۇپمۇ پامىر ساكلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، نۇرغۇن جايلاردا قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ تاغ - دەريالىرى، شەھەر - يۇرتلىرى، مىللەت - قەبىلىلىرىنى تىلغا ئېلىپ بايان قىلغان. بۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 7. ساكلارغا ئائىت باشقا تارىخىي يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار

ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار يەنە قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئۇچ چوڭ تارىخشۇناسىنىڭ بىرى دەپ نام ئالغان سنوفېن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 430 — 354 - يىللار) نىڭ «يىراققا يۈرۈش خاتىرىسى»، گرېك جۇغراپىيەشۇناسى پلونىينىڭ «تەبىئەت تارىخى»، گرېك تارىخشۇناسى كوئىنتۇس كورتىئوسنىڭ «ئىسكەندەرنىڭ تارىخى» قاتارلىق تارىخىي ۋە جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

سنوفېن ماساگېتلارنى تىلغا ئالغاندا، «ماساگېتلار بىۋاسىتە ساكلاردۇر.» ㊵ دېگەن.

پلونىي ئۆزىنىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ساكلار ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «سىر دەرياسىنىڭ قارشىسىدا بىرقانچە خىل سېكتىيانلار قەبىلىرى

ياشايدۇ، پارسلار ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان بۇ قەبىلىلەرنى بىرادەكلا ساك دەپ ئاتايدۇ
…، سىكتىيانلار ساناپ بولماس قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان پارفىيىلىكلەر بىلەن ساندا تەڭ كېلەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساكلار، ماساگېتلار، داھىيانا ئېسپېدونىيىسلار ئەڭ مەشھۇردۇر.» ㊶

كورتىئۇس «ئىسكەندەرنىڭ تارىخى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە، ساكلارنى ۋاسىتىلىك ھالدا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «نەبەر زانىس ناملىق سەركەردە دارا Ⅲ نى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا بىر مۇنچە گەپ قىلغان. شۇ گەپلەر ئىچىدە ئۇ دارا Ⅲ گە ساكلار بىلەن ھىندىلار سىپنىڭ ئىلكىدە دېگەن.» ㊷

«بىر قېتىم ئىسكەندەر شاھ ئۆز لەشكەرلىرىگە مۇنداق دەپ ئەسكەرتكەن: نەبەر- زانىس نۇركانىيىنى ئىگىلىمەكتە، قاتىل بېسئوس باكتېرىيىنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىزگە تەنبىھ بەرمەكتە، ھەيۋە كۆرسەتمەكتە. سوغدىيانىنا، داھىيانا، ماساگېت، ساك ۋە ھىندىلار يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل. ئۇلار بىزنىڭ قوشۇن چېكىندۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىلا، بىزنى ئارقىمىزدىن قوغلاپ ماڭىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر دۆلەتكە مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر، بىز بولساق يات مىللەت، چەت ئەللىك.» ㊸

«بېسۇس سوغدىياناغا چېكىنىپ، ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىنى بارگاھ قىلىپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. كاھاراسمى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولدى. داھىيانىلار، ساكلار، ھىندىلار ۋە سىر دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ماكانلاشقان سىكتىيانلار بولسا بەستىلىك ۋە قاۋۇل بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلار ئالېكساندىرنىڭ ماكېدونىيىلىك ئەسكەرلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى…» ㊹

ئالېكساندىر (ئىسكەندەر) نىڭ سوغدىيانىدا مۇشۇنداق تېزلا غەلىبىگە ئېرىشىشى ئىسيان كۆتۈرۈۋاتقان ئاسىيالىقلارنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار (ماكېدونىيىلىكلەر) ئەسلىدە سىكتىيانلارنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ كەلگەنىدى، سىكتىيانلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ماكېدونىيىلىكلەرگە تەڭ كېلىدىغان بىرەرمۇ دۆلەتنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. چۈنكى، مۇشۇ چاغدا، ساكلار ئالېكساندىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئالېكساندىر بولسا، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئەدەب- يوسۇن بىلەن قوبۇل قىلدى.» ㊺

ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىغا ئائىت قەدىمكى جۇڭگو، پارس ۋە گرېك يازما ئۇچۇر- مەلۇماتلىرىنى بىر تەكشىلىكتە قويۇپ، سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلساق، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىرىنچىدىن، يۇقىرىدىكى تارىخىي يازما ئۇچۇر- مەلۇماتلاردا، ساكلار سەيجۇڭ (塞中)، ساكا، سىكتىيان، ماساگېت قاتارلىق ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىر خىل نامنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ھەممىسى ساكلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدىكى يازما ئۇچۇرلاردىن ئېنىقكى، ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلارنى «ئاسىيا ساكلىرى» ۋە «ياۋروپا ساكلىرى» دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئاسىيا ساكلىرى بولسا، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، تەڭرى تېغى، يەتتە سۇ رايونى، ئالاي چوققىسى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە قەدىمكى باكتېرىيە رايونىدا ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە مەدەنىيەت ياراتقان. بۇلاردىن سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ساھىلىدا ياشىغان ساكلار ئۆز ۋاقتىدا پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ ئىستىلاسىغا قارشى قەيسىرانە كۈرەش قىلغان. مەشھۇر «تومارىس رىۋايىتى» بىلەن «شىراق رىۋايىتى» ئەنە شۇ ساكلارنىڭ پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ

ئېستېپلاسىغا قارشى كۆرەشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى.

ئۈچىنچىدىن، ساكلار ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولغان. شىنجاڭ رايونىدىكى ساكلاردىن تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان ساكلار كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، پامىر ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدىكى ساكلار ھازىرقى تاجىكلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئىلى رايونىدىكى ساكلار بولسا، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە قازاقلارغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بار. شۇڭا، ساكلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭنىڭ مىللەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم تەتقىقات تېمىسى جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتىكى چىقىش ئۇقتىسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە!

تۆتىنچىدىن، ساكلار ھەققىدە خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ساكلارغا ئائىت ئەسلىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشماي، ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ نېگىزى. بىرىنچىدە، ساكلارنى تەتقىق قىلغاندا، بىرى، ساكلار ھەققىدىكى ئەسلىدىكى تارىخىي يازما ئۇچۇر-مەلۇماتلارغا تايىنىشىمىز لازىم. يەنە بىرى، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ۋە بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تايىنىشىمىز لازىم.

مەزكۇر ماقالىدىكى ساكلارغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىندى. بىر قىسمى قورال خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىن ئېلىندى. ئاز بىر قىسمى ئامالسىزلىقتىن ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن ئېلىندى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ساكلار تەتقىقاتچىلىقىغا ئازراق بولسىمۇ نەپ - پايدىسى تەگسە ئەجەب ئەمەس.

## ئىزاھلار

①②③④⑤⑥⑦⑧⑨ «25 تارىخ»، 1 - توم، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 614 - ، 725 - ، 726 - بەتلەر.

⑩ «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، قەدىمكى زامان قىسمى، سودا نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل نەشرى، 177 - ، 178 - بەتلەر.

⑪ ھىرودوت: «تارىخ»، 2 - قىسىم، سودا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى، 494 - بەت.

⑫⑬⑭⑮⑯ «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، قەدىمكى زامان قىسمى، سودا نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل نەشرى، 179 - ، 180 - ، 181 - ، 190 - ، 191 - بەتلەر.

⑰⑱⑲⑳㉑㉒㉓㉔㉕㉖ ھىرودوت: «تارىخ»، 2 - قىسىم، سودا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى، 494 - بەتتىن 674 - بەتلەرگە قاراڭ.

㉗㉘㉙㉚㉛㉜㉝㉞㉟㊱㊲㊳㊴ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1991 - يىللىق 1 - سان، 25 - ، 26 - ، 28 - ، 29 - ، 30 - ، 31 - بەتلەر.

㊵ غاپۇروپ: «تاجىكلارنىڭ تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 45 - بەت.

㊶㊷㊸㊹㊺ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1991 - يىللىق 1 - سان، 27 - ، 29 - بەتلەر.

# چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى كاتىپلىق — كىتابەت ئىلمى

تۇرسۇن كەلپىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىشلىرى ھەم شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر كاتىپلار توغرىسىدا كونكرېت مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن قاراخانىيلارنىڭ يېتىلگەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئىلخانلىرىدا پۈتۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

بۇنداق تارىخىي مۇھىتتا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن» ① بولغاچقا، ياغاچ قاتارلىق تۇرلۇك نەرسىلەرگە بەلگە ئويۇش ئارقىلىق نىشان قالدۇرغان مۇڭغۇللار تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەت ۋە يېزىققا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇر كاتىپ، باخشىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ مۇڭغۇللاردا ئومۇملاشقان بۇ يېزىق تارىختا «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ ھەقتە ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەرەبشاھ (مىلادى 1388 — 1450 ـ يىللار): «چاغاتايلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن بىر يېزىقى بار. ئۇ ھازىر مۇڭغۇل يېزىقى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. خانلارنىڭ مەشھۇر نامەلىرى، يارلىقلىرى، ئالاقىلىرى ۋە شېئىر، تارىخ، ھېكايە قاتارلىقلىرى، جۈملىدىن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقلىرى دەل مۇشۇ يېزىقتا يېزىلىدۇ. بۇ يېزىقنى بىلگەن ئادەم زادىلا خار بولمايدۇ» ② دەپ يازغانىدى.

ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جوجىخان، نەۋرىسى باتوخانغىچە بولغان ئۈچ ئەۋلاد جەريانىدا تارقاق مۇڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىسلىسىز مۇھىم روللارنى ئوينىدى. قىسقىسى، مۇڭغۇللارنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشى ۋە بۇ ئىمپېرىيىنى مۇستەھكەملەپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ۋاستە پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق) ۋە مۆھۈردارلىق بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر كاتىپ ـ باخشىلىرىنىڭ قوشقان تارىخىي تۆھپىسى مىسلىسىز بولدى. مەسىلەن، چىڭگىزخاننىڭ مەخسۇس كاتىپى ئىسمايىل خوجا، باش پۈتۈكچىسى تاتا تۇڭا ۋە قانۇن ئىشلىرى كاتىپى

باياン تۆمۈر باخشىدىن تارتىپ ئۈچ ئەۋلاد مۇغۇل خانلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شۇنداقلا باتۇخاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ھەم كاتىپى جانىبەگلەرگىچە ھەممىسى «دۆلەت ئۇستازى» دەرىجىلىك كاتىپ - مۇتەپپەككۇرلار ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىدە كاتىپلىق ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرمىگەنلىرى ناھايىتى ئاز. چىڭگىزخاننىڭ 13 - ئەۋلادى ئەبۇلغازى ئەرەبشاھ مۇھەممەت باھادۇرخان (ۋاپاتى 1664- يىلى) «چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋارە — ئۈننەھر، خوراسان ھەتتا ئىراق قاتارلىق جايلادا مۆھۈردارلىق، پۈتۈكچىلىك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى»③ دەپ يازغىنىدا دەل مۇشۇ خىل تارىخىي رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقانىدى. تۆۋەندە بىز چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كاتىپلىرىغا ۋەكىل قىلىپ، تاتاتۇڭا ۋە جانىبەگلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 - جىلد ، «تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمھالى» دا يېزىلىشىچە، تاتا تۇڭا بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ئادەتتىكى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ، بالاغەتكە يەتكۈچە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا مۇغۇل ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىكى نايمانلار ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئۆتكەن ۋە قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى نايمانلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن نايمان خانى تايانخان تاتاتۇڭانى باش كاتىپلىققا ۋە مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئۆز ئېلىنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغان.

مىلادىنىڭ 1204 - يىلى چىڭگىزخان نايمانلارنى مۇنقەرز قىلغان چاغدا تاتاتۇڭا ئۆزى ساقلاۋاتقان ئالتۇن تامغىنى ئېلىپ قاچقان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇلغان. بۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن: تايانخاننىڭ ۋەتىنى ماڭا قاراm بولدى، ئالتۇن تامغىنى ئېلىپ قېچىپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ دەپ سورىغاندا، تامغىنى ساقلاش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۇنى خوجايىنىمنىڭ ئۆزىگە قايتۇرىمەن، بۇنىڭدىن باشقا غەرىزىم يوق، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنداق جاۋابتىن سۆيۈنگەن خان ئۇنىڭدىن يەنە: تامغىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئالىم تامغىنىڭ ئاشلىق ۋە پۇل چىقىم قىلغاندا، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە ۋە پەرماننىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كاپالەتلەندۈرگەندە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن خان تامغىنى يەنىلا تاتاتۇڭادا قالدۇرغان. نەتىجىدە «ئۇيغۇرلاردىن چىققان تاتاتۇڭا ناھايىتى ئەقىللىق ۋە سۆزمەن ئادەم بولغاچقا ھەم ئۆز ئېلىنىڭ يېزىقىنى بەكمۇ پىششىق بىلگەچكە، تېزلا (چىڭگىزخان) ئۇنىڭغا ئۆز ئوغۇللىرى ۋە باشقا موغۇل تۆرىلىرىگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇق بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يېزىق مۇغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىقى بولۇپ قالغان». ④ يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەشھۇر ئالىم تاتاتۇڭا ئۆز ئەقىل - پاراستى بىلەن يېزىقسىز ئىككى ئەلنى يېزىققا ئىگە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت

ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ «دۆلەت ئۇستازى» دەرىجىلىك كاتىپلىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان.

مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ نايمان ۋە مۇڭغۇللارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختالغان روسىيىلىك مەشھۇر ئالىم بارتولىد: «نايمانلار ئۆز يېرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قانداق ئۇچرىغان بولسا، ئوخشاشلا ھەم ئۆز يېرىدە مۇڭغۇللارنىمۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن شۇنداق ئۇچراشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بۇيېزىقنى قوللاندى»⑤ دەپ كۆرسەتكەن.

بارتولىدنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا تاتاتۇڭانىڭ ئىسمىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارغا ئۆتكۈزگەن بۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋاسىتىچىسى دەل تارىخىمىزدىكى دانىشمەن ئۇستاز تاتاتۇڭانىڭ ئۆزى ئىدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش ھاجەتكى، چىڭگىزخان دەۋرىدە ئەنئەنىۋى جامائەت قانۇنىدىن ئىبارەت بولغان «toru» دىن تارتىپ چىڭگىز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ۋە ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ياساق» (جاساق) دەپ ئاتالغان. ئوگدايخاندىن كېيىن رەسمىي رەتلىنىشكە باشلىغان بۇ ياساقلار كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە «مۇڭغۇل ياسىقى»، «چىڭگىزخان ياسىقى»، «چىڭگىز كىتابى»، «بىلىك ياساق» ۋە «چىڭگىزخان قۇتادغۇ بىلىكى» دېگەن ھەر خىلناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە ئىران تارىخچىسى ئەلائىددىن ئەتامۇلۇك جۇۋەينى، راشىددىن ۋە ناراكەشلىك مۇسۇلمان تارىخچى «ئىبنى بەتۇتە قاتارلىقلار مۇھىم خاتىرىلەر قالدۇرغان.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان دەۋرىدىكى يەنە بىر چوڭ يازغۇچى، كاتىپ ئۇستاز ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگدۇر.

جانبەگ مىلادىنىڭ 1180 - يىلى قاراخانىيلارغا تەۋە ئىسسىق كۆل بويىدا بىر ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاتىسى ئۇنى «... بىر موللىغا بېرىپ ئوقۇتقان. ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى ئوقۇپ يازالايدىغان بولغان».

كۆكچە تەڭرى سۇتۇ جانبەگنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىدىغان، ھەرپلەرنى ئوقۇپ يازالايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئۇيغۇر بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ بولغۇسى پايتەختى قارابالغا سۇن شەھىرىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

جانبەگ چىڭگىزخانغا كاتىپ، مەسلىھەتچى، موڭغۇل ئەمەلدارلىرىغا ئۇستاز بولغان. تىلماچلىق، خەۋەرچىلىكمۇ قىلغان. تەخمىنەن 1210 - يىللىرى چىڭگىزخان ئۆزى ئېتىقاد قىلغان كۆكچە تەڭرى سۇتۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جانبەگنى بىر نەچچە كىشى بىلەن بىللە يەتتە سۇ، بەشبالىق، قەشقەر، بالاساغۇن، ئىراق ۋە خارەزم قاتارلىق جايلارغا مەخپىي ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلىغان، ئۇ قايتىش سەپىرىدە كىدانلاردىن ئېھتىيات قىلىپ ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ ئاندىن موڭغۇلىيىگە كەتمەكچى بولغاندا گۇاڭجۇدا تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ چىڭگىز قوشۇنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا قارابالغا سۇن شەھىرىگە كەلگەن، ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتۈپ 1236 - يىللىرى چىڭگىزنىڭ چوڭ نەۋرىسى باتۇخان

باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «باتۇ يۈرۈشى» گە قاتناشقان ھەم باتۇ خانغا كاتىپ ۋە مەسلىھەتچى بولغان، رۇس ئالىمى رادلوۋ «توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «... غەربىي ۋە شەرقىي ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇر تىلى ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئالتۇن ئوردا خان سارايلىرىدا كاتىپ بولغان، نايىپلىق ۋە باشقا مەنسەپلەر بىلەن تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئورگانلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تامغا، ئالاھىدە مۇكاپات ۋە يارلىقلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا بولۇپ، ئالتۇن ئوردا بۇ ھالەتنى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلگەن»⑥ دەپ يازغان. دېمەك، ئەمىر تۆمۈرمۇ «بارلىق ھەربىي پائالىيەتلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەش توغرىسىدا باخشى (كاتىپ) لارغا بۇيرۇق بەرگەن. شۇ چاغلاردا «تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» بىلەن «توختامىش يارلىقلىرى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئىسلام مەزمۇنىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بۇيرۇققا ئاساسەن باخشىلار تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋېينا نۇسخىسىنىڭ دەل مۇشۇ دەۋرلەردە قايتىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار جانىبەگنىڭ باتۇخانغا كاتىپ، مەسلىھەتچى ۋە دۆلەت ئۇستازى بولۇپ «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» (1227 ـ 1380) نى قۇرۇشقا زور كۈچ چىقارغانلىقىنى ۋە پۈتۈن ماۋارە ئۇننەھر ھەم «ئالتۇن ئوردا» دائىرىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بولۇپمۇ «ئالتۇن ئوردا» دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 ـ يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇ بىلىك» كە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان مىسرالارنىڭ ئۇچرىغانلىقى ⑦ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كېيىنكى نەچچە ئەسىرلەرگىچە ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا، بولۇپمۇ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان ھۆكۈم سۈرگەن ۋولگا بويلىرىغا جانىبەگدەك دانىشمەن مەسلىھەتچى ۋە كاتىپ ئۇستازلارنىڭ ۋاسىتىچىلىكى بىلەن كەڭ تارقىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2

بىزگە مەلۇمكى، قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى غەربىي قىسىم ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىنى بۇ رايوننىڭ ئىلىم ـ پەن تىلى سۈپىتىدە قوللانغىنىغا ئوخشاش، موغۇلىستان خانلىقلىرى دەۋرىدە يەنى كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدا ئىلىم ـ پەن ھەم ئەدەبىيات تىلى پارس تىلى بولۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئىراندا قۇرۇلغان تۈركىي خانلىق سالجۇقىيلار دۆلىتى پارس تىلىنى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىيات تىلى

قىلىپ قوللانغاندىن كېيىن، بۇ تىلنىڭ ئۇيغۇر تۈركىي تىلى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىشىغا ياكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە چوڭ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

بۇ ھال ئالدى بىلەن تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدا تېزلا نامايان بولدى. بولۇپمۇ «ئوردىلاردا كۈندىلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئالاھىدە ‹دىۋان›لار تەسىس قىلىنىپ، دىۋانلارنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى بۇرۇنقىدەك ‹پۈتۈكچى› دەپ ئاتالماستىن، ئوخشاش مەنىدىكى ئاتالغۇ ‹مىرزا› ياكى ‹مۇنشى› ئىبارىلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئوردىلاردا خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ۋە يارلىقلىرىنى يازىدىغان ھەم ئۇنى تۆۋەنگە يەتكۈزىدىغان، تۆۋەننىڭ ئەرز - شىكايەت ۋە ئىلتىماسلىرىنى خانغا يەتكۈزىدىغان باش دىۋان، شۇنداقلا دۆلەت خەزىنىسى، باج - كىرىملەر، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، نوپۇس ۋە باشقا كونكرېت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس دىۋانلارمۇ تەسىس قىلىنغانىدى. ھەرقايسى دىۋانلاردا بىر قانچە ئون ياكى بىر قانچە يۈز مۇنشى، ياردەمچى مۇنشى، مىرزا ياكى ياردەمچى مىرزىلار ئىشلەيدۇ…»⑧ غان بولدى.

بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدىبلەر ئىچىدىن بىر قىسىم پارسكويلار (پارس تىلى بىلەن يازىدىغانلار) چىقىپ، ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى تاشلاپ «پارسى شەكەربەست (پارس تىلى شەكەردەك)» دېيىشكە باشلىدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە «ھېراتتا ئۇيغۇر باخشى (كاتىپ، ئۇستاز) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان مىرزا ئەلشىر نەۋائى» ⑨ مەيدانغا چىقىپ، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەين» نى يازدى.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش ھاجەتكى، بۇ دەۋردە قوللىنىلغان «مىرزا» ئاتالغۇسى پارسلارنىڭ تىل ئادىتى بويىچە خاس «پۈتۈكچى» ۋە «كاتىپ» دېگەنلەردىن سىرت، يەنە ئىلىم ئەھلىلىرى ھەم ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە ئىسىملارنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان بولدى.

دېمەك، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئاخىرقى ئەۋلاد خانلىقلىرى مەزگىلىدىكى بۇنداق ئەھۋالدا كاتىپلار نۇقۇللا خەت كۆچۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى قابىلىيەتلىك ئەدىب ۋە مەدەنىيەت تارقاتقۇچى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاندى. كاتىپ - مىرزىلار باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوخشاش خان - پادىشاھلارنىڭ «باغىي سۆھبەتلىرى» دىن ئورۇن ئالدى. ھەتتا كاتىپلىق تارىخىدا ئەشۇ دەۋردە ياشىغان بۈيۈك كاتىپ (خەتتات) ئابدۇراخمان سابىئىدىن باشلاپ كاتىپلارغا «ئىجازەت» (دىپلوم) بېرىش تۈزۈمىگە ئايلاندى.

بولۇپمۇ «ھېرات شەھىرىدە ئۇلۇغ شائىر مىرزا ئەلشىر نەۋائى پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللاردا چوڭ كىتابخانىلار ۋە كىتاب كۆچۈرىدىغان ماھىر خەتتاتلار (كاتىپلار) بارلىققا كەلدى. ھېرات شەھىرى كىتاب ئىشلەپچىقىرىدىغان جايغا ئايلاندى. كىتاب تۈپلەش ئۇستىلىرى كىتاب تۈپلىسە، رەسساملار قىستۇرما مەنزىرىلەرنى سىزاتتى. خۇسۇسەن بۇ يەردە كىتاب مۇقاۋىلىرىنى ياسايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئالتۇن ھەل بېرىدىغان سەنئەتكارلار، شۇنداقلا كىتاب نۇسخىلىرىنى ھەرتەرەپتىن باھالاپ بېكىتىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئەسەر تىلىغا مەسئۇل تىلشۇناسلار ئىشلەيتتى. شۇڭا ھېراتتا چىقىدىغان كىتابلارنىڭ خەتلىرى سەنئەتلىك، تۈپلىنىشى پۇختا، ئىشلىنىشى سۈپەتلىك، مۇقاۋىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولغاچقا» ⑩ بايسۇنقۇر مىرزا، سۇلتان ھۈسەيىن ۋە نەۋائى كۇتۇپخانىسىدىكى كاتىپ

مۇتەخەسسىسلەر XV ئەسىردىن كېيىن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كاتىپلىق ـ كىتاب ۋە نەققاشلىق ئىشىنى بەدىئىي بېزەك ئېتىبارى بىلەن مىرزا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نەپىس كىتابەتشۇناسلىق سەنئىتىدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» مۇ مۇشۇ دەۋرلەردە يەنى 1439 ـ 1440 ـ يىللىرى ھېراتتا ھەسەن قارا سائىل شەمس ۋە مەلىك باخشى، مەنسۇر باخشىلار تەرىپىدىن نۇسخا ـ نۇسخىلاپ كۆچۈرۈلگەن ۋە تارقىتىلغان. ئۇنىڭ 1470 ـ يىلى ھېراتتا ئۇيغۇر باخشىسى ئابدۇراخمان (ئابدۇراخمان سابىئىمۇ؟) تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن تۈركىيە سۇلتانىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇ چاغدا نەۋائىي مۆھۈردار بولۇپ بۇ ئىشتا چوڭ رول ئوينىغان. دېمەك، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە كاتىپلىق ـ كىتابەت ئىشلىرى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن كاتىپلار يېتىشىپ چىققان، بۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئۆمرىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ـ كىتابەت قىلىشقا بېغىشلىغان كاتىپلارمۇ بار.

تۆۋەندە پۈتۈن ئۆمرىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ كاتىپلىق ـ كىتابەت ئىشىغا بېغىشلىغان، نەۋائىينىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى شۆھرىتى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە ياراتقان تۆت نەپەر كاتىپ بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

ئابدۇلجەمىل كاتىپ (؟ ـ 1505) نەۋائىينىڭ شەخسىي كاتىپلىرىدىن بولۇپ، ئۇ نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى شائىر بىلەن بىرمۇ ـ بىر ئىشلەپ 1483 ـ يىلدىن 1485 ـ يىلغىچە كۆچۈرۈپ چىققاندۇ. بۇ نۇسخا مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۇنجى نادىر نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر خەلقئارا «نەۋائىيشۇناسلىق» تا ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

كاتىپ يەنە نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش جەريانىدا شائىرنىڭ غەزەللىرىدىنكى ئەڭ سەرخىل بېيىتلاردىن تاللاپ «تۆھفە تۇس سەلاتىن» (سۇلتانلارغا تۆھپە) ناملىق بىر تۇپلام تۈزگەن. ئابدۇلجەمىل كاتىپ نۇقۇل خەتتاتلا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ خېلى تەكەممۇل ئالىملىرىدىن ئىدى.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي (1432 ـ 1520) نەۋائىينىڭ شەخسىي كاتىپلىرىدىن بولۇپ، نەستەئلىق خەت شەكلىنىڭ پىر ئۇستازى بولۇپ يېتىشكەن ۋە خەتتاتلىقتا خاس مەكتەپ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەتتاتلىق ـ پۈتۈكچىلىك تارىخىدا «قىبلەتۇل كۇتتاب» (كاتىپلار قىبلىگاھى) ۋە «سۇلتانۇل خەتتاتىن» (خەتتاتلار سۇلتانى) دېگەن يۈكسەك شەرەپ ـ ئۇنۋانلارغا مۇيەسسەر بولغان. سەنئەتكارلىقتا مەشھۇر رەسسام ـ شەرق رافائىلى بېھزاد، داڭلىق مۇزىكانت قۇلمۇھەممەتلەر بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆمرىدە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە نەۋائىيلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا كاتىپلىق ۋە بەدىئىي كىتابەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. سۇلتان ئەلى بىر تەرەپتىن ھېرات خەتتاتلىق مەكتىپىگە رىياسەتچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى قول يىگانە نۇسخىسىنى كۆچۈرگەن. بۇ مەشھۇر كاتىپ كۆچۈرگەن نادىر قوليازمىلار بەدىئىي جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن ھۈسەيىن بايقارا ھەم نەۋائىيلار تەرىپىدىن باشقا ئۆلكە، مەملىكەتلەرگە تەۋەرۈك سوۋغاتلار سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن.

ھازىر سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى

روسىيە، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلاردا ساقلانماقتا. كاتىپنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى جەھەتتىكى تالانتىغا شۇ زامان تارىخچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى يۈكسەك باھا بەرگەن. سۇلتان ئەلى يەنە نىزامىي گەنجەۋىي، شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى، مەۋلانە لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كۆچۈرگەن بولۇپ، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ قوليازمىلارنىڭ 60 قا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي كاتىپ تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۇغۇلۇپ XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ياشىغان. ئۇ ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە نەۋائىنىڭ شەخسىي كاتىپىدۇر.

VX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ۋە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى كاتىپ دەرۋىش مۇھەممەد تاقىينىڭ بەدئىي نەپىس كىتابەتشۇناسلىق پائالىيىتىنىڭ ئالتۇن چاغلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ دەۋردە، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، 1495 ـ 1500 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدىكى قىسقىغىنە بەش يىل ۋاقىتتا، نەۋائى پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇيغۇر ـ تۈركى تىلى بىلەن يازغان 26 ئەسەردىن تەركىب تاپقان تۆت دىۋانلىق «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» نى كۆچۈرگەندىن باشقا، يەنە «خەزائىنۇل مەئانى» دىن ئىبارەت يىگانە ھەم بەھەيۋەت كۇللىياتنى كۆچۈرۈپ تاماملىغان، مەشھۇر كاتىپ دەرۋىش مۇھەممەد تاقىينىڭ نەۋائىنىڭ بىر پۈتۈن كۇللىياتنى كۆچۈرۈپ تاماملىشى ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئۇلۇغ ئەمگەكلىرىدىن بولۇپ، ھازىر كۇللىياتنىڭ قولىيازمىسى تۈركىيىدە ساقلانماقتا.

سۇلتان مۇھەممەد نۇر (1470 — 1533) ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە نەۋائىنىڭ شەخسىي كاتىپى.

كاتىپقا دەۋرداش تارىخچى خاندىمىر «خۇلاسە كۇل ـ ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە: «...... دوستى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىنايىتى ئاستىدا بولغان كاتىپلار قاتارى ھۈنىرى راۋاج تاپقان، ھۆسن خەتتە يېتەكچىدۇر. ئول ھەزرەت ھەققىدە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىلھام بەخش ئېغىزىدىن ‹نەستەئىلىق خېتىنى يېزىشتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ› دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن» دەپ پىكىر بايان قىلغان.

كاتىپ نەۋائىنىڭ تەرمە دىۋانلىرىدىن بىرىنى بەكمۇ سىپتە ئۇسلۇبتا كۆچۈرگەن بولۇپ، ھازىر بۇ دىۋان روسىيىدە ساقلانماقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سۇلتان مۇھەممەد خەندان، ئەلى ھىجرانى قاتارلىق كاتىپ ـ خەتتاتلارمۇ نەۋائى كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن كاتىپلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەلى ھىجرانى 1527 ـ يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈپ ھازىر پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق كۇللىياتى بەدىئىي بېزەكلىرىنىڭ شۇنچىلىك گۈزەللىكى بىلەن نەپىس كىتابەت سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈرنىكى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىنى يازدى. بۈيۈك شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۆمۈرلۈك ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن بۇ ئەسەردە شائىر شۇ زاماندىكى ھەر خىل كەسىپ، تۈرلۈك ئىلىم ۋە ئۇلارنىڭ ئەھلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، كاتىپلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قىممەتلىك پىكىرلەرنى قالدۇرغان.

«… كاتىپلار (پۈتۈكچىلەر) شائىر سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىقى، سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىچىسى … ياخشى يېزىلغان خەت ۋە جايىغا قويۇلغان چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك كىتابنىڭ بەتلىرىگە زىننەت بېرىپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىغىمۇ راھەت بەخش ئېتىدۇ. كاتىپنىڭ خېتى تۇغرا بولۇپ، ئۇ بىر پاكى يۈز بېيىتنى توغرا يازسا، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دەرھال ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر كاتىپنىڭ خېتى سەت بولسا، ئۇنىڭدىكى مەنە ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللەشتۇرۇپ قويىدۇ. كاتىپنىڭ يازغىنى ھۆسنخەت بولۇپ، خېتىدە خاتا كۆپ بولسا ئۇنىڭ قولى پالەچكە گىرىپتار بولسۇن. تېخى بەزى كاتىپلار خەتلىرىنى قاغا پۇتىدەك يازىدۇ، ئەمما كۆڭلىدە خەتلىرىنى جەئپەر بىلەن ئەزھەر (زامانىسىنىڭ مەشھۇر كاتىپ خەتتاتلىرى) نىڭ خېتىدىنمۇ ياخشىراق يېزىلدى دەپ ھېس قىلىدۇ. بۇنداق كاتىپلار چېكىتنى جايىغا قويماي، ھەيبىنى خەيبى، مۇھەببەتنى مېھنەت قىلىپ يازىدۇ. ئۇ خىل كاتىپلارغا يۈز لەنەت، كاتىپنىڭ خېتىمۇ سەت، خاتاسىمۇ كۆپ بولسا، ساقلىنىپ بويىۋالغان قېرىغا ئوخشاش مەسخىرىگە قالىدۇ…».

پۈتۈكچىلىك ھەققىدىكى مەزكۇر سەھىپىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، چىڭگىز ۋە ئۇنىڭ ئىلخانلىرىنىڭ قەلەم بىلەن دۆلەتنى مۇستەھكەملەپ، يېزىق مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشىدا ئۇيغۇرلاردىن چىققان كاتىپ مۇتەپەككۇرلارنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولغان.

كاتىپلىق ـ كىتابەت ئىلمى سەنئىتىنى ئاساسىي تېپ قىلغان مۇئەللىپلارنىڭ مۇسۇلمانلاشقان ۋە ئۇيغۇرلاشقان تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە يۈزلىگەن كاتىپ ـ ئەدىبلەر نەۋائىي قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ئۈچۈن تەشۋىقاتچىلىق ھەم پىداكارلىق رولىنى ئوينىغان.

ئىزاھلار:

---

① گېبك شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى».

② كلابروت: «ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ھەققىدە»، 56 ـ بەت.

③ «تارىخى شەجەرەئىي تۈركىي»، 27 ـ بەت.

④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، تاتاتۇڭا تەزكىرىسى».

⑤ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە لېكسىيەلەر».

⑥ رادلوۋ: «توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى»، 1888 ـ يىلى، رۇسچە، 3 ـ توم.

⑦ «قۇتادغۇبىلىك»، 15 ـ بەت.

⑨ ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتەرلىرى»، 1973 ـ يىلى، ئۆزبېكچە، 28 ـ بەت.

⑩ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 250 ـ بەت.

# قاراخانىلار خانلىقىنىڭ «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى توغرىسىدا

نۇرۇللا مۆمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇلۇش يەر تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار ھەم بۇ تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئەمەلدىن قېلىش جەريانى قىسقىچە سۆزلىنىدۇ.

قاراخانىلار خانلىقى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XII ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەر قۇرغان ھاكىمىيەت بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

نۆۋەتتە، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ھەر خىل تۈزۈملەر ئۈستىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا. مەن بۇ ماقالىمدە نۇقتىلىق ھالدا ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ۋە نۆۋەتتە ئېلان قىلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈملىرىدىن بىرى بولغان «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى

«ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى بىر خىل سۇيۇرغاللىق تۈزۈم بولۇپ، بۇ خىل تۈزۈمنىڭ قايسى دەۋردە، قانداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئاخىرى قانداق ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرىسىدا، ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى تېخى بىردەك ئەمەس. بىر خىل قاراشتىكىلەر، «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل قاراشتىكىلەر قاراخانىلار خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆپ تەرەپلىمە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، بولۇپمۇ سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ئۇلۇش يەر تۈزۈمى سامانىيلار خانلىقى

دەۋرىدىكى ئۆلۈش يەر تۈزۈمىنىڭ داۋامى، بۇ خىل تۈزۈم سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كەڭ - كۆلەمدە ئومۇمىيلاشقان» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئۆلۈش يەر تۈزۈمى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئۆلۈش يەر تۈزۈمىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يەر تۈزۈمىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان بۇ خىل يەر تۈزۈمىنىڭ سۈيۇرغاللىق تۈزۈمدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ۋە سۈيۇرغاللىق تۈزۈمنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىر خىل روشەن ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ ئۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلايدۇ.

يېقىنقى يىللارنىڭ مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۆلۈش يەر تۈزۈمى توغرىسىدا ئىككىنچى خىل قاراشقا مايىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلۈش يەر تۈزۈمىنىڭ سۈيۇرغاللىق تۈزۈمنىڭ باشقىچە بىر خىل ئاتىلىشى ئىكەنلىكى، سۈيۇرغاللىق تۈزۈمنىڭ بىر خىل فېئوداللىق يەر تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلە يەنىلا تالاش - تارتىش ئۈستىدىكى مەسىلە بولۇپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## قاراخانىلار خانلىقىنىڭ «ئۆلۈش يەر» تۈزۈمى

قاراخانىلار خانلىقى سامانىيلار خاندانلىقىنى بويسۇندۇرغان (مىلادى 1000 - يىل) دىن كېيىن ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. جۈملىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆلۈش يەر تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ئۆلۈش يەرلەرنى ھەدىيە قىلىپ بەردى.

نۆۋەتتە، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئۆلۈش يەر تۈزۈمى نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردە ھەر خىل شەرھلىنىپ كەلمەكتە.

مەسىلەن، ب. گ. غاپوروۋنىڭ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ۋەكىللىرىگە ئۆلۈش يەر ھەدىيە قىلىش يولغا قويۇلدى، بۇ خىل ئۆلۈش يەر، (ئىكتا، دەپ ئاتىلاتتى) ئىسلام دىنى شەرىئىتىدە ئىكتاپلىق ئىش ھەققى ئورنىدا قوللىنىلغان. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ خانى ئىلىك خان ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا تەييارلانغان نۇرغۇن كاتتا ئەمەلدارلىرىمۇ ئىكتادىن بەھرىمەن بولغۇچىلارغا ئايلاندى» دېيىلگەن.

ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە، يېزا جامائەسىنىڭمۇ مۇئەييەن مىقداردا يېرى بولۇپ، بۇ خىل يەرلەرگە

ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى «ئىكتا» دەپ ئاتىلاتتى. «ئىكتا» پارسچە سۆز بولۇپ ئىگىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىكتا» نامىدىكى يەرلەرنى تېرىغان دېھقان باج شەكلى بىلەن سېلىق تۆلەيتتى، يەنى «ئىكتا» يەرنى تېرىغان دېھقاندىن مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى سېلىق سۈپىتىدە تۆلىتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان» دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا « XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قاراخانىلار سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يەنى خان ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئۇنىڭغا قاراشلىق قەبىلە باشلىقلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قەبىلە ۋە يەرلىرى بولغان» دېيىلگەن.

دەرۋەقە، قاراخانىلار خانلىقى يەرلەرنى خان جەمەتى ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا ئۈلۈش يەر سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، بۇنداق يەرلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئۈلۈش يەر ئىگىلىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئۈلۈش يەر ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنى دېھقانلارغا تېرىتقۇزاتتى. دېھقانلار يەر كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈلۈش يەر ئىگىلىرىگە تاپشۇراتتى. ئاز بىر قىسمى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايتتى. لېكىن، ئۈلۈش يەرلەر ۋە بۇ يەرنى تېرىغۇچى دېھقانلار يەنىلا دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئۈلۈش يەر ئىگىلىرى يەرلەرنى خۇسۇسىي ئۆزلەشتۈرۈۋالالمايتتى، يەنى يەرنى ئۆز ئىختىيارىچە سېتىۋېتەلمەيتتى ۋە ۋەخپە قىلىۋېتەلمەيتتى. دېھقانلارنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزلىرى تولۇق باشقۇرالمايتتى. ئۇلار يەنە ئىلىك خانلارغا بېقىناتتى ۋە مەلۇم مىقداردا ئۇلارغا باج - سېلىق تۆلەيتتى، ھەمدە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، ئۆز ئالدىغا قوراللىق قوشۇن تەشكىللەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالاتتى.

ھالبۇكى، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئۈلۈش يەر ئىگىلىرى يەرلەرنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى ئۈلۈش يەرلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، ئۈلۈش يەرلەر ئەمەلىيەتتە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان يەرلەرگە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرمۇ مەلۇم مىقداردىكى ئۈلۈش يەرلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى ئۈلۈش يەر ئىگىلىرىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە، ب. گ. غاپوروۋنىڭ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «قاراخانىلار خانلىقى ماۋارەئۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرغان چاغدا، دېھقانلار ماۋارەئۇننەھر رايونىدا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە قاراخانىلار خانلىقىغا بېقىندى. ناسىر ئىلىك خان خوراسانغا يېڭىباشتىن ئەسكەر چىقارغان چاغدا، ئۇ ماۋارەئۇننەھر رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دېھقانلار ئەتىۋارلاندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈلۈش يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى» دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇنىڭدىن شۇنىسى روشەنكى، قاراخانىلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، دېھقانلارنىڭ مەلۇم مىقداردا يەرگە ئىگە بولغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بۇ دېھقانلاردىن چىققان ئاقسۆڭەكلەر پەيدىنپەي ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىگە ئايلىنىشقا باشلىغان ھەمدە يەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان.

شۇ ۋەجىدىن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئاقسۆڭەكلەر كۆپىيىپ، خاننىڭ نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈپ، خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىچكى نىزا شەكىللىنىپ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. بولۇپمۇ ماۋارەئۇننەھر رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشقان. چۈنكى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى ھەر خىل چارە - تەدبىرلەر بىلەن دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارنى كۆپلەپ باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇرلىغان. نەتىجىدە، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار يەرلىرىنى تاشلاپ، يىراق يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

دېمەك، خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى پارتلاپ، قاراخانىلار خانلىقى يولغا قويغان «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى ئاخىرى دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ قالغان.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
2. ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
3. ب. گ. غاپوروۋ: «تاجىكلار تارىخى» 2 - قىسىم، ئۇيغۇرچە.
4. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى.
5. لېۋ زىنشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

# مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ھەققىدە

ئابدۇللا مەتقۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىي ئېقىملاردىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن. مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرگىنى پەقەت ئىنسانىيەت دۇچار بولغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە رەزىللىك بىلەن تولغان دۇنيادىنلا ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ بىلەن، دۇنيا ئۇلارغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ناتونۇش ھەم رەھىمسىز بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇلار: مەۋجۇتلۇق دېمەك يوقلۇق دېمەكتۇر، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى ئۇ بىمەنىلىكنىڭلا يىغىندىسىدىن ئىبارەت، دۇنيا مۇجمەللىك بىلەن تولغان، دەپ قاراشتى. بۇنداق «بىمەنە» رېئاللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار شەخسنىڭ قىممىتىنى كۈچەپ تەكىتلەشتى، شەخسنىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلاپ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنى ئايرىۋەتتى ۋە بۇ ئىككىسىنى قارشىلاشتۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كۆپىنچە دۇنيانىڭ بىمەنىلىكى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئېپلاسلىقىنى، بىمەنە دۇنيادىكى يەككە يىگانە ئۈمىدسىز ئادەمنى، ئۇنىڭ بەختسىز - ھالاكەتلىك تەقدىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك - قورقۇنچلۇق ۋە تۇتۇق روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ، جاھاندىن بىزار بولۇش، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىنكارچىلىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى فرانسىيىدە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. سارتر، كامىيۇ، بوۋار قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى رەسمىي بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى ۋە مودېرنىزملىق ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە بىر مەزگىل گۈللەندى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ بىمەنە تىياتىرچىلىق، يېڭى پروزىچىلىق ۋە «قارا يۇمۇرىستلار»نىڭ شەكىللىنىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ①

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى پائۇل سارتر (1905—1980) نەزەرىيە جەھەتتە «خاھىشلىق ئەدەبىياتى»نى تەشەببۇس قىلىپ، «چوقۇم ئۆز دەۋرىمىز ئۈچۈن

ئىلگىرىلىتىشىمىز»، «پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئاز ساندىكى مۆتىۋەرلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت كوللېكتىپى ئۈچۈن يېزىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.②

سارتر ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئىدى. ئۇ 1938 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «بىزارلىق» رومانى بىلەن شۆھرەت قازاندى. شۇ يىلى يەنە بەش پارچە پوۋېست، ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تام» توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ يەنە ئۈچ قىسىملىق رومانى «ھۆرلۈك يولى» ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. 1964 - يىلى سارتر تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى رومانى «سۆز» نى نەشر قىلدۇردى. شۇ يىلى شۋېتسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى سارترنىڭ «مول پىكىرگە، ئەركىنلىك ۋە ھەقىقەت ئىزدەش روھىغا تولغان ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا 1964 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىشنى قارار قىلغاندا، سارتر «ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىنئام قىلىنغان ھەرقانداق شان - شەرەپنى رەت قىلىمەن» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ، مۇكاپاتنى قوبۇل قىلمىغان.③

سارتر ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ دراممىلىرىنىڭ مۇۋاپپەقىيىتى نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋاپپەقىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ درامىلىرى ئادەتتە «ھالەت درامىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.④ پېرسوناژلارنى ئەڭ جاپالىق مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، بۇنداق مۇھىتتا ئۇلارنىڭ «ئەركىن تاللىشى» بىلەن ئۆز يولىنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ھالەت درامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق درامىلاردىمۇ گەرچە ئەگرى - توقاي ۋەقەلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تەكىتلىنىدىغىنى بۇنداق مۇرەككەپ ۋەقەلىك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ۋەقەلىككە ئىشتىراك قىلغۇچى پېرسوناژلار «ئەركىن تاللاش» جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەنىۋى رېئاللىقتىن ئىبارەت. «ھالەت درامىلىرى» دا پېرسوناژلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، ئادەمنىڭ قىممىتى قاتارلىقلار مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا «ھالەت درامىلىرى» نى پەلسەپىۋى درامىلار دېيىشكىمۇ بولىدۇ. سارترنىڭ «چىۋىن»، «قاماق»، «پاسكىنا قول»، «ئۆلۈككە گۆر تېپىلمايدىغان يەر»، «ھۆرمەتكە لايىق پاھىشە» قاتارلىق درامىلىرى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىق ئەدەبىياتىدا ئالبېرت كامىيۇ (1913—1960) سارتر بىلەن تەڭلا تىلغا ئېلىنىدۇ. 1942 - يىلى ئۇنىڭ «يىگانە ئادەم» ھېكايىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەن، كامىيۇنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدىكى ئورنى مۇقىملاشتى. شۇ يىلى كامىيۇ يەنە «سىزىپ ئەپسانىسى» دېگەن مەشھۇر پەلسەپە خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى. 1947 - يىلى مەشھۇر ھېكايىسى «چاشقان ۋاباسى» نى، كېيىنكى يىللاردا «چۈشكۈنلۈك» رومانىنى، «سەرسانلىق ۋە پادىشاھلىق» ھېكايىلەر توپلىمىنى، «ئۇقۇشماسلىق»، «ھەققانىيەتچى» درامىلىرىنى يازدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدىكى دۇنيا بىمەنە، ھايات ئەھمىيەتسىز، دۇنيا ۋە ئادەملەرنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار ئىپادىلەندى.⑤

سارترنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرىيى سىمىننا . دې . بوۋار (1908—1986) مۇ

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سارتر بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيە ۋە ھازىرقى مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ ئۆزىنمۇ «پەقەت قارشى تۇرۇشلا پاكلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى. بوۋارمۇ قابىلىيەتلىك يازغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن ھېكايە، رومان، دراما، ئىلمىي ئەسەر، شۇنداقلا بەزى ئەسلىمىلەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلەردىن 1954 - يىلى يازغان «ئەدىب ۋە ئالىملار» رومانى فرانسىيىدە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەڭ نادىر ئەسەر دەپ قارىلىپ، گونكورت ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە ئاياللار باش قەھرىمان قىلىنىدى. ئىلمىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئاساسلىقى ئاياللار مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدى. بوۋار «ئىككىنچى جىنىس — ئاياللار» دېگەن ئەسىرىدە ئاياللارنىڭ ئۆزۈل - كېسىل ئازادلىقى مەسىلىسىنى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىگە ئاساسەن مۇلاھىزە قىلدى. ئۇ: ئاياللار ئۆزلىرىنى ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە دەپ قارايدىكەن، شەكسىزكى، قۇل ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق بارلىق ئىجتىمائىي ئادەتلەر، ئادەتكە ئايلانغان ئىدىيە ھەم ئەنئەنىۋى قاراشلار ئۈستىدىن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى كەمسىتىش ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم دەپ قارىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى ئاياللار مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىغا كۈچلۈك زەربە بېرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەن 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان پۈتۈن دۇنيا ياشلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، فرانسىيىلىك لېرمون گېف، مورس مىللو - فوند، ئامېرىكىلىق سائول بىللوۋ، ئەنگلىيىلىك ۋىليام گولدىڭ قاتارلىقلارمۇ مەۋجۇدىيەتچىلىك خاھىشىدىكى يازغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

70 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئورنىنى قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىگىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1980 - يىلى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى سارترنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى سەۋەبلىك، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ئاستا - ئاستا ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى.

مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى، كۆپىنچە، بەختسىزلىك، ئىپلاسلىق، پەسكەشلىك بولغانلىقى، ئەسەر باش قەھرىمانلىرىمۇ ئاساسەن مەغلۇبىيەتچى ۋە ھالاك بولغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا ئومۇمەن ئادەمنى بۇرۇقتۇم قىلىدىغان ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىنكارچىلىق ئىپادىلەندى. ئەمما شۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇكى، مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلار قانداقتۇ مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئەستايىدىل كىشىلەر بولۇپ، ئالدى بىلەن مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلار ئىدى. ئۇلار قالايمىقانچىلىقتا جېنى ئامان قالغانلارغا مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەك بولۇش، ئاشۇ قالايمىقانچىلىقنى ئۆكتەش نىيىتىدە مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى بەرپا قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تەشەببۇسلىرىنى ئەدەبىيات شەكلىدە تەشۋىق قىلىپ، بۇ تەشەببۇسنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە قوبۇل قىلدۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش نىشانىغا يېتىش مەقسىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا

ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتە باش قاتۇرغىنى ۋە كۆڭۈل بۆلگىنى بەدىئىي ماھارەتنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن رەڭدارلىقى ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ھەقىقىي مەقسىتى بولدى. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ماھارەت جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان يېڭىلىقلارنىڭ بولمىغانلىقىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە. بۇ جەھەتتىن مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدىكى خېلى كۆپ سانلىق ئەسەرلەردە يەنىلا ئەنئەنىۋى ھېكايە سيۇژېتى بىلەن پېرسوناژلار تەسۋىرى ساقلاپ قېلىندى. ئەگەر بۇ ھالەتنى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى يېقىنچىلىقى دەپ ئاتىساق، بۇنداق يېقىنچىلىقنى مودېرنىزمنىڭ باشقا ئېقىملىرىدىن بايقاش، ھېچ بولمىسا مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدىكىدەك روشەن بايقاش مۇمكىن ئەمەس.

گەرچە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مودېرنىزمنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا ئوخشاش بىرلىككە كېلىنگەن پروگراما ياكى ئاشكارە جاكارلانغان خىتابنامىلار بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1. ئۆتكۈر پەلسەپىۋىلىك مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى بولغاچقا، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدىكى مەۋجۇتلۇق ماھىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دۇنيا ۋە ھايات بىمەنىلىك بىلەن تولغان، ئادەم ئەركىن تاللىشى كېرەك ... دېگەن ئاساسىي مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىندى. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردىن بەزىلىرىدە رېئاللىق بىۋاسىتە تەسۋىرلەنسە، بەزىلىرىدە ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكى توقۇلما ۋەقەلىك ماتېرىيال قىلىندى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يازغۇچىلار ھامان مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى، مۇھىمى، ئادەم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، سارترنىڭ «بىزارلىق» رومانى، «قاماق» دراممىسى، كاميۇنىڭ «چاشقان ۋاباسى»، «يېگانە ئادەم» ھېكايىلىرىدە دەل يۇقىرىقى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

كاميۇ «سىزىپ ئەپسانىسى» دا «ئەنئەنىۋى ئىدراك بىلەن دۇنيانىڭ ئۆزىدىكى ئىدراكسىزلىقنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە ماس كەلمەسلىكىدىن بىمەنىلىك پەيدا بولىدۇ. ناۋادا كىشىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم تۇرمۇش ھالىتىدىن گۇمانلىنىپ ‹نېمە ئۇچۇن› دېگەن سوئالنى قويسىلا، بۇ بىمەنىلىكنى چۈشىنىدۇ. بىمەنىلىكنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇنداق مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى رەت قىلىدۇ. بۇ، ئويغىنىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بىمەنە ھالەتنى ئۆلچەم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، ھاياتنى مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈش بەكلا مۇھىم مەسىلە» ⑤ دەپ كۆرسىتىپ، كېيىنكى بىر خىل پوزىتسىيىسىنى مۇقىملاشتۇردى.

2. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا، ئالاھىدە تاللانغان مۇھىت پېرسوناژلارنىڭ

«ئەركىن تاللىشى» نىڭ ئوبيېكتىپ كاپالىتى قىلىنىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدىكى «ئەركىن تاللاش» بەلگىلىك مۇھىت ئىچىدە ئىشقا ئاشىدۇ؛ پەقەت ئاشۇ مۇھىت ھازىرلانغاندىلا، ئاندىن ئادەم ئۆز - ئۆزىنى ئەركىن تاللىيالايدۇ؛ بۇنداق مۇھىت — «ئەركىن تاللاش» نىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئوبيېكتىپ كاپالىتى؛ بۇ خىل مۇھىتتىن ئايرىلغان ھالدا «ئەركىن تاللاش» تىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلار بۇ خىل مۇھىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنداق مۇھىت مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا مۇقىملاشقان مۇھىت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى مۇقىملاشقان مۇھىت ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى «تىپىك مۇھىت» قا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ، تارىخىي قانۇنىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ، تىپىك خاراكتېر يارىتىشقىمۇ خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت شەخسلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىرلىنىشى ۋە ئەركىن تاللىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق مۇھىت سارتىرنىڭ «قاماق» دىرامىسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

3. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا، كەسكىن دىراماتىكا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چىنلىق قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىل قىلىنىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، قەھرىمانىنىڭ قەھرىمان، قورقۇنچاقنىڭ قورقۇنچاق بولۇشى، تامامەن ئۇلارنىڭ «ئەركىن تاللىشى» نىڭ نەتىجىسى. لېكىن بۇنداق «ئەركىن تاللاش» ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتسىز ھالدا خالىغانچە بولىۋەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە سارتىر «ئادەم ئۆز پائالىيىتىنى تاللىغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ پائالىيەتنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ» ⑧ دەيدۇ. ئادەم ئۆز پائالىيىتىنى تاللىغاندا، باشقىلار بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ ھەم ئۆزىمۇ كەسكىن روھىي ئازابقا دۇچ كېلىدۇ. سارتىرنىڭ «ئۆلۈككە گۆر تېپىلمايدىغان يەر» دىرامىسىدا بۇنداق توقۇنۇش ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىدا، يۇقىرىقىدەك رېئاللىق بىلەن پېرسوناژلارنىڭ غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل توقۇنۇش ھەر ۋاقىت بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەندى. بۇنداق كەسكىن توقۇنۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن خاراكتېرلار جەلپ قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، چىنلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

خۇلاسە قىلغاندا، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئەدەبىيات شەكلىدىكى تەرغىباتى ھېسابلىنىدۇ. سارتىر، كامىيۇ قاتارلىقلار ئۆز پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلى نادىر بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئىجاد

قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بىر مەزگىل زور تەسىر پەيدا قىلغان مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىيات ئېقىمى شەكىللەندى ۋە بىر پۈتۈن مودېرنىزملىق ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى. مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلار دىققەت - ئېتىبارىنى ئاساسەن ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى شەرھلەشكە قاراتقاچقا، ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكىدەك ئۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولالمىدى. بۇ، مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنى بۇنىڭلىق بىلەن بەدىئىيلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بولغان مۇھىت تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چىنلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسكىن دراماتىكا مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، ئىجادىيەتتە ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دەل ئاشۇ ئالاھىدىلىك مەۋجۇدىيەتچىلىككە ئەدەبىيات تۈسى بەخش ئەتكەن ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار

① «غەرب ھازىرقى زامان پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات سەنئەت ئېقىملىرى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 217—232 - بەتلەر.

② ⑥ لۇجياشەن: «ياۋروپا، ئامېرىكا مودېرنىزملىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، يۈننەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 32 -، 36 - بەتلەر.

③ ليۇبەنشىڭ: «فرانسىيە ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرى»، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 329 - بەت.

④⑤ گۇڭ خەنشيۇڭ: «ھازىرقى زامان غەرب ئەدەبىي ئېقىملىرى»، سىچۇەن داشۆسى نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 271 -، 247 - بەتلەر.

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا

ئوسمان ئىسمائىل

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كىچىك جەھەتتىن 11 تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر تۈرنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى تۈرگە بۆلۈش مەسىلىسى دۆلىتىمىز ۋە خەلقئارادىكى فولكلورشۇناسلار ئىچىدە باشتىن - ئاخىر مۇنازىرە بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنداق: بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ «چۆچەك» ئۇقۇمىنىڭ ھەممىگە بولغان تونۇشى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بۆلگەندىن كېيىنكى تۈرلەرمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، فولكلورشۇناسلارنىڭ تۈرگە بۆلۈشتىكى پرىنسىپ - ئۆلچەملىرى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر چۆچەكلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن تۈرگە بۆلىدۇ، بەزىلەر مەزمۇن جەھەتتىن تۈرگە بۆلىدۇ، بەزىلەر ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تۈرگە بۆلىدۇ، يەنە بەزىلەر چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى جەھەتتىن تۈرگە بۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلەر ۋە ئۆلچەملەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر خىل مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «چۆچەك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنە دائىرىسى خەنزۇ تىلىدىكى «民间故事» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنە دائىرىسىدىن تار، «童话» دىن كەڭرەك بولۇپ، ئۇ «民间故事» غا ئوخشاش ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى ياكى مەسەل، لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، شۇنداقلا «童话» غا ئوخشاش سېھىرلىك ھېكايىلەر ياكى ھايۋانات ھېكايىلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى فانتازىيىلىك ئامىللار يوق ياكى ئىنتايىن ئاز ئارىلاشقان رېئال تۇرمۇش ھېكايىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى تۈرلەرگە بۆلگەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى «چۆچەك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنە دائىرىسىگە ۋە بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىش لازىم. ئەمدى چۆچەكلەرنى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىغا كەلسەك، بىز پرىنسىپ جەھەتتىن مەزمۇن بىلەن شەكىلنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللىنىمىز. چۈنكى بۇنداق ئۇسۇل

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى مەزمۇن، ئوبراز ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن سېھىرلىك چۆچەكلەر، ھايۋانات چۆچەكلىرى، تۇرمۇش چۆچەكلىرى ۋە ھەجۋىي چۆچەكلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلگەنىدى، بىز بۇ ماقالىمىزدە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى چوڭ جەھەتتىن مۇشۇنداق تۆت تۈرگە بولۇشقا بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنى يەنە كىچىك جەھەتتىن 11 تارماق تۈرگە بۆلۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

**1. قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇ خىل چۆچەكلەردە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىنىدۇ. يەنى چىداملىق، باتۇر ھەم پەم - پاراسەتلىك شەخسلەرنىڭ دىۋە، يالماۋۇز، ئەجدىھا قاتارلىقلار بىلەن قىلغان قەھرىمانە ۋە ئاقىلانە كۈرەشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ يەردىكى دىۋە، ئەجدىھا، يالماۋۇز ۋە باشقا يىرتقۇچ مەخلۇقلار ئىنسانلارغا دائىم زىيانكەشلىك قىلىپ تۇرىدىغان تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر (قىسمەن ئەھۋاللاردا ئۇلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ياۋۇزلۇقلارغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ)، ئۇ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدا چۆچەك قەھرىمانلىرى ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ۋەھشى كۈچلەرگە قارشى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ، ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرلەر ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇرانە ھەرىكەت ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. «خېمىر باتۇر» ئەنە شۇنداق باتۇرلارنىڭ بىرى. بۇ چۆچەكتە خېمىردىن ياسالغان باتۇرنىڭ نۇرغۇن يىرتقۇچ مەخلۇق ۋە ھايۋانلارنى يوقىتىپ، گۈزەل قىز ۋە ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، ئاخىرى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، سۆرمە قۇشنىڭ ياردىمىدە مۇرادى مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. «خالبانۇم» چۆچىكىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باتۇرلۇق ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئوغلان باتۇر ئۆز سۆيگىنىنى بۇلاپ كەتكەن دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا ياستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن تىلسىماتلارنى ئېچىپ، ئەجدىھا ۋە يىلانلارنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى تاپىدۇ، شۇنداقلا قىزنى بۇلىغان دىۋە بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، قىزنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى چىن تۆمۈر باتۇر، «بۇلبۇلگويا» ۋە «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» چۆچەكلىرىدىكى كەنجى ئوغۇللار بولسا ئادىمىزات ۋە باشقا جانۋارلارنى ئوزۇق قىلىدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇنداق قەھرىمانلار ئازابتا قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىش يولىدا ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ئايىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. خەلق ئامىمىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان خىزىر، پەرىزات قاتارلىقلار ئۇلارغا دائىم ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يالماۋۇز ۋە دىۋىلەر بىلەن بولغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە يۇقىرىدىكىدەك قەھرىمانلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراسەت مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ پېرسوناژلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەم - پاراستى ۋە ئۇستىلىقىنى ئىشقا سېلىپ، يالماۋۇز مەخلۇقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ. «ۋەيلۇن دوزاقىنىڭ تۈۋرۈكى»، «بوزچى يىگىتنىڭ باتۇر ئاتىلىپ قېلىشى»، «ئۆشتىگەرنىڭ چارىسى»، «ھىيلە - مىكىر» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئادەتتىكى ساددا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، دىۋىلەر بىلەن «كۈچ سىنىشىپ» ئۇلارنى قورقىتىپ مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە شۇنچىۋالا زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە دىۋە ئىنتايىن ئەخمەق ۋە دۆت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. چۆچەكلەردىكى ئادەمخور، ۋەھشى يالماۋۇزلارمۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي كىشىلەر تەرىپىدىن ئاخىرى قاپقانغا چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەردە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى يىرتقۇچلارغا قارشى كۈرەش ئىككى خىل ئۇسۇلدا، بىرى قەھرىمانلىقتا، يەنە بىرى ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2. **خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇنداق چۆچەكلەردە، خىلمۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەر، مەسىلەن، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ، يامان كىشىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدىغان توقماق، ھەر خىل تائاملارنى پەيدا قىلالايدىغان داستىخان، ئالتۇن- كۈمۈش تېزەكلەيدىغان ئېشەك، خىلمۇخىل مال - دۇنيا پەيدا قىلالايدىغان چۆگۈن، خاسىيەتلىك مۈڭگۈز، خاسىيەتلىك تاش، خاسىيەتلىك شەمشەر، خالىغان تەلەپنى دەرھال قاندۇرىدىغان ئەڭگۈشتەر قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ، يامانلىق ۋە ۋەھشىيلىكتىن خالىي بەختىيار تۇرمۇش بەرپا قىلىش غايىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا نامراتلارنىڭ ۋە يېتىم - يېسىر بالىلارنىڭ تاساددىپىي ھالدا ئەنە شۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ بىردىنلا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۇسۇلى ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى، كۆپلىگەن چۆچەكلەردە، قەھرىمانلارغا بۇ خىلدىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى ھايۋانلار سوۋغا قىلىدۇ، مەسىلەن، «ئۇر- توقماق» چۆچىكىدە قاغا، «تۇردىقارى بىلەن پادىشاھ» چۆچىكىدە پاقا، «ياخشىلىق يەردە قالماس» چۆچىكىدە يىلان قاتارلىقلار قەھرىمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋابەن بۇ خىل نەرسىلەرنى ئۇلارغا سوۋغا قىلىدۇ. ئىككىنچى، ھەممىشە ياخشىلىق ھامىيسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان خىزىر ۋە پەرىزاتلار تەقدىم قىلىدۇ. مەسىلەن، «قاينا چۆگۈن»، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «تۇل خوتۇن بىلەن بالا» چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش. ئۈچىنچىسى، بەزى چۆچەكلەردە بۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەر تاساددىپىي پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن، «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» چۆچىكىدىكىگە ئوخشاش، ياكى ئۇ نەرسىلەرنى قەھرىمانلارنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئاشكارا قىلىپ، پەرزەنتىگە مىراس قىلىپ قالدۇرىدۇ، مەسىلەن، «خاسىيەتلىك تاش»، «ئالتۇن شەمشەر» چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش. بۇ خىلدىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەر مەيلى كىم تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى

قەھرىمانلارنىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، مۇرادىنى ھاسىل قىلىدۇ. قەھرىمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئىگە بولالمىغانلىق ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قۇدرەتتىن مەھرۇم بولغانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭسىز ھەرگىز بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئەمما بۇ نەرسىلەر يامان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، بەخت ۋە ئامەت ئېلىپ كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇنداق مەزمۇندىكى چۆچەكلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا ئاق كۆڭۈل يىگىتلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى يىگىتلەر بېلىق، تۈلكە، شۇرپە قۇش، ھەرە، يىلان، چاشقان، پاقا، مۈشۈك، ئىت قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھايۋانلار مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئەگىشىپ تەقدىم قىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە دەرھال پەيدا بولۇپ ياردەم قىلىدۇ.

**3. ھۈنەر - بىلىم ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەمگەك مۇھىم تېما قىلىنغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مەزكۇر چۆچەكلەردىكى فانتازىيىنىڭ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي غايىنىڭ ئاساسى بولغان. مەسىلەن، «ياغاچ ئات» چۆچىكىدە، تۆمۈرچى يۇزمىڭ تاغار ئاشلىقنى كۆتۈرۈپ، دېڭىز - ئوكيانلاردا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق ياسايدۇ؛ ياغاچچى بولسا ئۇچۇپ بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقالايدىغان ياغاچ ئات ياسايدۇ، كېيىن بۇ ئات شاھزادىنىڭ يىراق شەھەردىكى مەلىكە بىلەن مۇھەببەت باغلىشى ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مەلىكىنى ئېلىپ كېلىشىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پادىشاھ ياغاچچىغا كۆپ ئىنئام بېرىدۇ. روشەنكى، «ئۇچالايدىغان ياغاچ ئات» بىلەن «دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق» ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىلغار قاتناش قوراللىرىنى ياساش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكىدە، كىشىلەرنىڭ تىببىي ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن چۆچەكلەردە يەنە سىرلىق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئەسۋاب - قوراللار بار. بۇ قوراللار ئارقىلىق ئاجايىپ مۇشەققەتلىك ئىشلارنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇنداق خاسىيەتلىك قوراللارنى ياساش ئارزۇلىرى چۆچەكلەردە قىزىقارلىق فانتازىيىنى پەيدا قىلىپ، كۆز ئالدىمىزدا باشقىچە گۈزەل دۇنيانى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

**4. ئۆگەي ئانا ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇنداق چۆچەكلەردە، ئۆگەي ئانا تەرىپىدىن خارلانغان يېتىم قىزلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇزاق داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە، نىكاھدىكى ئەركىنسىزلىك، تۇرمۇشتىكى يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن بالىلار ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆگەي ئانىغا قېپقېلىپ، ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىر قىسمىدا مانا شۇ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ئالتۇن كەش»، «يېرىلىل تېشىم»، «ھېكمەتلىك ساندۇق» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق مەزمۇندىكى چۆچەكلەردۇر. «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى ھەجەر قىز «ئانىنىڭ كۆيۈكىنى يەپ، ئاشنىڭ سۈيۈقىنى ئىچىپ»

، جۇل- جۇل كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆگەي ئانىدىن دائىم تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ كۈندۈزى بىر تەرەپتىن پادا باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتۇن تېرىپ، يىپ ئىگىرىپ كەچكىچە تىنىم تاپمايدۇ. كەچتە ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئاش ئېتىپ، نان يېقىپ، كىر يۇيۇپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، ئاندىن قويلار بىلەن ئېغىلدا ياتىدۇ. شۇنداق قىلسىمۇ يەنىلا ئۆگەي ئانىنىڭ تىل - دەشنام، تاياقلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. «ھېكمەتلىك ساندۇق» چۆچىكىدىكى يېتىم قىز بولسا ئۆيىدىنمۇ بەتتەر خارلىنىپ، يىرتقۇچلارغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن جاڭگالغا تاشلىۋېتىلىدۇ. چۆچەكلەردىكى بۇنداق يېتىم قىزلار ئاخىرى بىر خىل ئىلاھىي كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن زالىم ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. ئۆگەي ئانا بولسا قاتتىق جازالىنىدۇ، مەسىلەن، «ئالتۇن كەش» ۋە «ھېكمەتلىك ساندۇق» چۆچەكلىرىدە، بىر ئادىل سېھىرگەر موماي ئۆزىنىڭ كاراماتىنى كۆرسىتىپ، يېتىم قىزلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن مۈشكۈللۈكلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چەكسىز مال - دۇنيا ۋە ئابروي بەخش ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئۆگەي ئانىلارنى جىنىيدىن جۇدا قىلىپ، قىزلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىدۇ. «يېرىل تېشىم» چۆچىكىدە، ئۆگەي ئانىنىڭ قاڭرۇق ئوغلىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ئاينۇرنى خاسىيەتلىك تاش ئۆز قوينىغا ئېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە چۆچەك ئىجادچىلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ يېتىم قىزلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

5. ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىپادىلەيدىغان چۆچەكلەر. بۇنداق چۆچەكلەردە، ئاساسلىقى، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «موماي بىلەن بۆرە»، «ئادەم قالتىسمۇ ھايۋانمۇ»، «قازان تۇۋى»، «بالا بىلەن يولۋاس»، «ھەمزە باي» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇ خىلدىكى چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. «ھەمزە باي» ناملىق چۆچەكتە تۈلكە دائىم بىر كەمبەغەلنىڭ ئانارلىرىنى ئوغۇرلايدۇ، كەمبەغەل ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ، تۈلكە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھىيلىگەرلىكى بىلەن كەمبەغەلگە ياردەم قىلىپ، ئۇنى نۇرغۇن بايلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە يېقىنراق كېلىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى ئادەملەر ئادەتتە ھايۋانلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشىلىق قىلىدۇ. ھايۋانلارمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەمما بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈرەش تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ؟» چۆچىكىدە، ھايۋانلار ئارىسىدا ھايۋانلار بىلەن ئادەمنىڭ قايسى كۈچلۈكلۈكى ھەققىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە بولىدۇ، ئاخىرى ھايۋان كۈچلۈك دەپ قارىغان شىر بىلەن تۈلكە بىر ئادەم بىلەن ئېلىشىپ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېتىدۇ. «موماي بىلەن بۆرە» ناملىق چۆچەكتە بولسا موماي ئۆز قوزىسىنى يەپ كەتكەن بۆرىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن

ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە، شىر، يولۋاس، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار ئىنتايىن ئاجىز ۋە ئەخمەق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. چۆچەكلەردىكى ئادەملەر ئۇلارنى ئاسانلا يېڭىدۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنىڭدا، شۈبھىسىز ھالدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھايۋانات دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

**6. ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئادەملەر ئارىسىدىكى زالىملىق ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، رەزىللىك بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق بىلەن ساختىلىق، دانالىق بىلەن نادانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەت، كۈرەشلەر ئادەملەشكەن ھايۋانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەردە، كۆپىنچە، قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىق ھايۋانلار ئارقىلىق ياۋاش ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ ۋە ئۇلار بۆرە، شىر، يولۋاس، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار ئارقىلىق يارىتىلغان ئاچكۆز، ياۋۇز، ئالدامچى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىغا قارشى قويۇلىدۇ. «قورقاق»، «ئىت بىلەن تۈلكە»، «ئۆچكىنىڭ يولۋاسنى بابلىشى»، «يولۋاش بىلەن توشقان»، «تۆت دوست»، «باتۇر ئۆچكە» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار مۇناسىۋىتىدە ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئاجىز ۋە ياۋاش ھايۋانلارنى بوزەك قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يەم قىلىشى بىر تەبىئىي ۋە ئوبيېكتىپ ھادىسە بولسىمۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھايۋانات چۆچىكىدە ئىش ھامان بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ، يەنى ئاجىز ۋە ياۋاش ھايۋانلار يەم - پاراسەتكە ۋە ئىناقلىق - ئۆملۈككە تايىنىپ، ھەمىشە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈك ۋەھشىي يىرتقۇچلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال رېئاللىقتا زادىلا كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي غايىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە چۆچەكلەرنى تېخىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

**7. سىنىپىي كۈرەش تېما قىلىنغان چۆچەكلەر.** بۇ خىل چۆچەكلەر سىنىپىي جەمئىيەتتە يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئېزىش ۋە ئېزىلىش توغرىسىدىن - توغرا ئىپادە قىلىنغان، بۇ خىل چۆچەكلەردە دېھقان، گاداي، پادىچى، چاكار ۋە ھۈنەرۋەنلەر بىلەن باي، قازى ۋە پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل چۆچەكلەرنى باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەر ۋە نامراتلار بىلەن پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەردە، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى، چاكارلارنى پادىچىلارنى بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن بىرەر بانا - سەۋەب بىلەن، ئۇلارغا ھېچقانداق ھەق بەرمەستىن ھەيدىۋەتكەنلىكى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ئاخىرى چاكارلار ئويغىنىپ، ئۆز ئەقىل-

پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، رەھىمسىز بايلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. مەسىلەن، «باي بىلەن چاكار»، «باي بىلەن قويچى»، «باي بىلەن مەسۇم تاز»، «كەنجى باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردىكى بايلار كەمبەغەللەرنى ھەقسىز ئىشلىتىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى بوزەك قىلىدۇ ۋە خارلايدۇ، ئەمما ئاخىرى ئۆزلىرى شەرمەندە بولۇپ تۈگىشىدۇ. مەسىلەن، «كارىزدىكى بۆدۈنە» چۆچىكىدىكى باي بىر كەمبەغەل دېھقاننى بوزەك قىلىپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ ئوينايدۇ، بىراق بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆچكۆزلۈكى تۈپەيلىدىن بالا - قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. «ئۇجمە سايىسى» چۆچىكىدىكى بېخىل ۋە ئاچكۆز باي كەمبەغەل يىگىت ئەپچىلەمگە ئۇجمە سايىسىنى سېتىپ، ئۇنى تازا ئەخمەق قىلدىم دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئەپچىلەم قاتارلىق كەمبەغەل يىگىتلەر باينىڭ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇجمە سايىسىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ھەقلىق يوسۇندا ئۇنىڭ ھويلا ۋە ئۆگزىلىرىدە بىخارامان ئويناپ، باينىڭ بېشىغا دەسسەپ راسا ئۆچىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆيدىن تالاغا چىقالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولغان باي ئاخىرى باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

نامراتلار بىلەن پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەردە، كەمبەغەل، ھۈنەرۋەن ۋە نامرات دېھقانلار پادىشاھ بىلەن بىۋاسىتە ئېلىشىدۇ. «ياماقچى بىلەن پادىشاھ»، «گاداي بىلەن شاھ» چۆچەكلىرىدە ياماقچى بىلەن گاداي پادىشاھنىڭ خەلققە سالغان ئېغىر زۇلمىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ تەرىپىدىن قاتتىق جازالىنىدۇ (ياماقچىنىڭ ھۈنەر قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، گاداي بولسا تۈرمىگە تاشلىنىدۇ). ئەمما ئۇلار ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. «ئالتۇنچى بوۋاي»، «چېچەن تاز»، «ئانار» چۆچەكلىرىدە كۆپرەك مۇنازىرە ۋە سوئال - جاۋاب ئۇسۇلى ئارقىلىق زالىم پادىشاھ مات قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «چېچەن تاز» چۆچىكىدە، نى - نى شاھزادىلەر جاۋاب بېرەلمىگەن سوئالغا ئادەتتىكى پادىچى تاز جاۋاب بېرىپ ۋە پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ. «ئالتۇنچى بوۋاي» چۆچىكىدە، بوۋاي خەلقنى ئالۋاڭ - ياساق دەستىدىن زار قاخشاتقان زالىم پادىشاھنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قاپقانغا چۈشۈرۈپ، بىر ئېغىز جاۋاب بىلەنلا مات قىلىپ، كىشىلەرنى مال - دۇنياغا ئىگە قىلىدۇ.

سىنىپىي كۈرەشنى ئىپادىلەيدىغان چۆچەكلەر ئىچىدە يەنە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىدىغان چۆچەكلەرمۇ بار. مەسىلەن، «پادىشاھنىڭ ئاقىۋاقال تەيىنلىنىشى» چۆچىكىدە، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ پۈتۈنلەي چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. سىنىپىي كۈرەشنى ئىپادىلەيدىغان چۆچەكلەردە، بىر تەرەپتىن، رېئال زۇلۇم پاش قىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ ئەزگۈچىلەر يوقىتىلىدۇ.

8. **دانىشمەنلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇ خىل چۆچەكلەردە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دانىشمەنلىكى ۋە مول تۇرمۇش بىلىملىرىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى دانىشمەن قىزلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق

چۆچەكلەردە، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن چىققان قىزلار پادىشاھنىڭ باشقىلارنى جازالاش نىيىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن سوئاللىرىغا ئۇستىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، قېرىنداشلىرىنى ياكى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، «چېچەن كېلىن»، «چېچەن قىز چىمەنخان» چۆچەكلىرى ئەنە شۇنداق چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. «دانىشمەن قىز» غا ئوخشاش چۆچەكلەردە بولسا پادىشاھ ئۆزىنىڭ تولىمۇ دۆتلىكىدىن بىر ئاددىي قىز ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالىدۇ.

يەنە بەزى چۆچەكلەردە پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىز باسارى بولغان دۆت ۋە ئەخمەق بالىسىنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلالمايدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ توغرا يولغا باشلايدىغان بىرەر ئەقىللىق قىزنى ئىزدەپ يۇقىرىلار ئارىسىغا بارىدۇ. نەتىجىدە بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى بۇنداق تەلەپكە لايىق كېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەسىلەن، «گۇمۇش شاھزادە بىلەن چېچەن قىز»، «ئەقىللىق قىز»، «كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن» چۆچەكلىرى ئەنە شۇنداق چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

دانىشمەنلىك توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىلىملىرى ۋە دانىشمەن بوۋايلارنىڭ ياشلارغا قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرى ھەققىدىكى چۆچەكلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ زىرەكلىكى، ئەقىل - پاراستى ۋە مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ بىرەر ئىش توغرىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ ياكى پادىشاھ - ۋەزىرلەرنىڭ قىيىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن، «دانىشمەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى» چۆچىكى رازۋېتكا خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۈچ ئوغۇل ئەتراپىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇرۇن يۈز بەرگەن تۆت ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كەيىنى - كەينىدىن ئېنىقلاپ چىقىدۇ. «ئەقىللىق بالا» چۆچىكىدە بولسا قازى - كالان ۋە پادىشاھلارمۇ بىر تەرەپ قىلالمىغان چىگىش مەسىلىلەرنى بىر كىچىك بالا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ۋە ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ بىردەمدىلا ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىۋېتىدۇ. «ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ ئېغىز سۆز»، «ئۈچ ۋەسىيەت»، «ئالدىراڭغۇلۇق» چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇش بىلىملىرىگە مول كىشىلەر (بولۇپمۇ دانىشمەن بوۋايلار) نىڭ ياشلارغا قىلغان ئاقىلانە نەسىھەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. «ئۈچ ئوغۇل»، «بىر نان»، «بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال»، «چۆجە» چۆچەكلىرىدە ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا چۆچەك قەھرىمانلىرى خۇددى دانىشمەن قىزلارغا ئوخشاشلا قىيىن سوئالغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەقىللىق ئادەم»، «ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ؟» مۇشۇنداق چۆچەكلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**9. مۇھەببەت چۆچەكلىرى.** بۇنداق چۆچەكلەردە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئىسيانكار روھى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەيسەرلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن:

بىر خىلى كەمبەغەل قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى بايان قىلىنىدىغان چۆچەكلەر. «گۈل تاجىغا نىمە قىلدى؟» ، «رەنا بىلەن ۋاپا» ، «پادىشاھ بىلەن باققال» قاتارلىق چۆچەكلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا كەمبەغەل قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، خۇشال - خورام يۈرگەن كۈنلەردە، پادىشاھنىڭ ئاشۇ قىزلارغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇلارنى بۇلاپ مەجبۇرىي نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى توزغاقتەك توزۇپ، ئۇلار ئېغىر كۈلپەتكە دۇچار بولغانلىقى، ئەمما قىزلارنىڭ پادىشاھقا ھەرگىز باش ئەگمەي، باتۇرانە كۈرەش قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. «گۈل تاجىغا نىمە قىلدى؟» چۆچىكىدىكى گۈل تاجى پادىشاھ بىلەن ئەنە شۇنداق ئېلىشىدۇ، گۈل ئەسلىدە بىر پادىچىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل پادىچى يىگىت بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ، ئۇ كېيىن زالىم پادىشاھ تەرىپىدىن ئوردىغا ئېلىپ كېتىلگەندىمۇ، سۆيگەن يارىغا باشتىن - ئاخىر سادىق بولۇپ، پادىشاھقا قىلچىمۇ بويسۇنمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بەختسىز ئاشىق - مەشۇقلار پادىشاھ تەرىپىدىن دەھشەتلىك تۈردە جازالىنىدۇ. «رەنا بىلەن ۋاپا» چۆچىكىدە، بىر جۈپ دېھقان قىز - يىگىتنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ، قىزنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، مۇھەببەتداشلار بىر - بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى باشتىن - ئاخىر يوقاتمايدۇ، قىزنىڭ پەم - پاراستى ئارقىلىق نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ۋە خېيىم - خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئاخىرى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. «پادىشاھ بىلەن باققال» چۆچىكىدىمۇ پادىشاھ تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغان ئايخان ئىسىملىك چىرايلىق ياش ئايال پادىشاھ ئوردىسىنى ئۆزىنىڭ كەپىسىگە، پادىشاھنى بولسا باققالچىلىق قىلىدىغان نامرات ئېرىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئاخىرى ئۇلار ئۇستىلىق بىلەن پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ قايتا بىرلىشىدۇ.

مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر خىلى مەلىكە، خېنىملار بىلەن كەمبەغەل يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەردۇر. بۇ خىل چۆچەكلەردىكى مەلىكە - خېنىملار فېئوداللىق تەبىقە قارىشى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماي كەمبەغەل يىگىتلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇلار بىلەن توي قىلىپ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، «سەپەر قۇل» چۆچىكىدىكى مەلىكە سەپەر قۇل ئىسىملىك چاكارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، پادىشاھ غەزىپىگە پايلىماي سەپەر قۇلنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ، ئەمما بەختكە يارىشا سەپەر قۇل تىرىك قالىدۇ، مەلىكە بولسا تۈرلۈك ئازابلاشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دادىسىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى سەپەر قۇل بىلەن بىرلىشىدۇ، «ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا» چۆچىكىدىكى مەلىكە ھۆرلىقا مۇساپىر يىگىت ئىسكەندەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل پاراستىگە تايىنىپ، قارا نىيەت شاھزادە ۋە ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىپ غەلىبە قىلىدۇ. «ئالتۇن كوكۇللۇق بالا» ، «ھۆۋەي باتۇر» ناملىق چۆچەكلەردە باينىڭ قىزلىرى يېتىم بالا شانىياز ۋە ھۆۋەي باتۇرلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ، ئۇلار بىلەن قېچىپ كېتىدۇ.

10. **ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەر.** بۇ خىلدىكى

چۆچەكلەردە، پاكلىق بىلەن سۈيىقەست، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ھىيلىگەرلىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، پاكلىق، چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىكنىڭ رەزىللىك، ساختىلىق، ھىيلىگەرلىك ۋە سەتلىك ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل كۈرەش ئادەتتىكى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «ياغاچچى بىلەن بۇياقچى»، «ئادان بىلەن نادان» چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش)، ئەزگۈچى سىنىپلار ئىچىدىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «دانىشمەن ۋەزىر» چۆچىكىدىكىگە ئوخشاش)، ھەتتا ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «كاللەك ئالتۇن»، «پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى» چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش). يۇقىرىدىكى چۆچەكلەردە سەلبىي قەھرىمان ئىجابىي قەھرىماننىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ تۇرالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىجابىي قەھرىماننىڭ مال - مۈلكىنى، ھوقۇقىنى ياكى شان - شەرىپىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۈيىقەست، ئالدامچىلىق ۋە زورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، ئەمما ئاخىرى ئالدانغۇچى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىجابىي قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ياكى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە تايىنىپ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۆچەكتە ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىنىدۇ.

**11. ھەجۋىي چۆچەكلەر.** بۇ خىل چۆچەكلەر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى جاھىللىق، بىلەرمەنلىك، ئەخمەقلىق، پىخسىقلىق، ساددىلىق، دۆتلۈك، نادانلىق، ھازازۇللۇق، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق ۋە باشقا يارىماس ئىللەتلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھەجۋىي قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «شىتىلە بىلەن پىتىلە» چۆچىكىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئۆز ئۆيىدە تىنچ - ئامان تاماقمۇ يېيەلمەي، بىرمۇنچە ئەخمەقانە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. «ئۇبۇل كاج بىلەن جەمىلەك جاھىل» چۆچىكىدە، جاھىل ئەر - خوتۇنلار كاجلىق قىلىپ بىر - بىرىگە زادىلا يول قويماي، ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ. «بىلەرمەن» چۆچىكىدىكى ئەر - خوتۇنلار بىلەرمەنلىك قىلىپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. «يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار» چۆچىكىدە، بىر ھازازۇل ئايالنىڭ ئۇرۇشقاقلىق قىلىپ ھەممە كىشىنى بىزار قىلغانلىقى، ھەتتا جىنمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا بەش كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «ئۈچ بەڭگە» چۆچىكىدە، ياز كۈنى دەرەخنىڭ سايىسىدا بەڭ چېكىپ، پو ئېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان

بەگلەرنىڭ قىش كۈنى كېچىلەرنىڭ تونۇرنىڭ بېشىدا لالما ئىتتەك ئۆلەر ھالەتتە يۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. «ھورۇننىڭ ئاقىۋىتى» چۆچىكىدىكى ھورۇنلار ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كېتىشكىمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ ئوتتا كۆيۈپ كېتىدۇ. «ئۈچ ئەخمەق» چۆچىكىدىكى ئەخمەقلەرنىڭ پائالىيىتى تېخىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، بىرىنچى ئەخمەق تۇخۇم سالغان ئاغزىنى ساتراشقا يارغۇزىدۇ. ئىككىنچى ئەخمەق ئايالى ئېيتىپ بەرگەن «ئۇپا» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن دەپ ئىككى كۈن ئىزدەيدۇ. ئۈچىنچىسى، خوتۇنى ئۇنى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ سېلىپ قويغان بەلگىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم دەپ ئاۋارە بولىدۇ.

ھەجۋىي چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا نادانلىق ۋە دۆتلۈك تەنقىد قىلىنىپ، ئۇنىڭ كۈلكىلىك ئاقىۋەتلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، مەسىلەن، «گومۇش شاھزادە» چۆچىكىدە شاھزادە قېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئەخمىقانە ھەرىكەت قىلىپ قاتتىق رەسۋا بولىدۇ. «ئەينەك» چۆچىكىدە، ئۆمرىدە ئەينەك كۆرۈپ باقمىغان بىر نادان يېزا ئايلى ئېرى شەھەردىن ئەكەلگەن ئەينەكنى كۆرۈپ، خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

«سىرلىق مازار» چۆچىكىمۇ ئەنە شۇنداق نادانلىق تەنقىد قىلىنغان ھەجۋىي چۆچەكلەرنىڭ بىرىدۇر.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى 11 تۈرگە بۆلۈپ كۆرسەتتۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى تۆت تۈردىكى چۆچەكلەر سېھىرلىك چۆچەكلەر، 5 — 6 - تۈردىكى چۆچەكلەر ھايۋانات چۆچەكلىرى، 7 — 10 - تۈردىكى چۆچەكلەر تۇرمۇش چۆچەكلىرى، 11 - تۈردىكى چۆچەكلەر بولسا ھەجۋىي چۆچەكلەردۇر. بۇ 11 تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ ھەربىرى مەزمۇن ۋە ئوبراز جەھەتتىن باشقا تۈردىكى چۆچەكلەردىن روشەن پەرق قىلىدۇ. ئەمما ئەينى بىر تۈرگە تەۋە چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك يېقىن ئوخشاشلىق باركى، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنى بىرلا ھېكايىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى دېيىش مۇمكىن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدىكى بىرپارچە چۆچەك زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوخشىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا تارقىلىش جەريانىدا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش ياساپ، بىرنەچچە چۆچەككە پارچىلىنىپ كېتىپ، بىر تۈر بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 11 تۈرنىڭ ھەربىر تۈرىگە تەۋە چۆچەكلەرنى «يىلتىزداش چۆچەكلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

# قۇمۇل شېۋىسىدە ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا

پەرىدە هامۇت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، قۇمۇل شېۋىسى ھەققىدىكى ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردىن پەرقلىق ھالدا، شېۋە سۆزلىرى مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر قىسقىچە ئىزاھلىنىدۇ.

قۇمۇل رايونى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن موڭغۇل - مانجۇ مەدەنىيىتى ئۆزئارا تۇتاشقان ھەم ئۇچرىشىدىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە مۇھىم جاي، شۇنداقلا، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش ھەم سودا تۈگۈنى. دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ھەر خىل ئىپتىدائىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، بولۇپمۇ شامان دىنى ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ تەسىر مەيلى چوڭقۇرلۇق ياكى كەڭلىك جەھەتتىن بولسۇن، باشقا رايونلاردىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارقىلىشقا باشلاپ، قۇمۇلغا يېتىپ كىرگىچە مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندىمۇ قۇبۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي ئومۇملىشىشى قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكىدىن 600 يىلدەك كېيىن بولغان. دېمەك، قۇمۇللۇقلار ئۇيغۇرلار ئىچىدە شامان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان، ئىسلام دىنىنى ئەڭ كېيىن قوبۇل قىلغان ۋە ئىسلام دىنى تەسىرىدىكى رايونلارنىڭ ئەڭ شەرقىغە جايلاشقان. مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا ئۇيغۇر شېۋىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ئەڭ كۆپ ساقلاپ قالغانلىقى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ

ئاز ئۆچرىغانلىقى بىلەن، شۇنداقلا، ئالتايشۇناسلار تەرىپىدىن قەدىمكى ئالتاي تىللىرى ئېلېمېنتلىرى دەپ قارىلىۋاتقان، يەنى موڭغۇل - مانجۇ تىللىرى بىلەن ماسلىق مۇناسىۋەتتىكى بىرمۇنچە ئېلېمېنتلارنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدىغان رايون خاراكتېرلىك تىلى — قۇمۇل شېۋىسى شەكىللەنگەن. ئالايلۇق، «ئۆز (ياغ، ماي)»، ئوق (ئۇلۇش)، ئۆچمەك (سۆيمەك)، ئەرن (كالپۇك)، ئۇچماق (جەننەت)، ئارداق (ئارتاق (بۇزۇق، بۇزۇلغان)، ئۇمۇنماق (ئۇمىدلەنمەك)، ئىنەنمەك (ئىنانماق (ئىشەنمەك)، شىش (سىش (زىخ)، چېغىر (چاغىر (شاراپ)، تۆشەك (ئورۇن - كۆرپە)، كۆشىگە (كوشىك (پەرد)، تومۇ (تۇماغۇ (زۇكام)، كۆندۈك (كەندۈك (ساپالدىن ياسالغان كۈپ، ساندۇق)، موڭقۇي (شىلىم)، ياپۇرماق (يوشۇرماق) دېگەندەك نۇرغۇنلىغان سۆزلەر قۇمۇل شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولسا، «كۆتەل (داۋان، تۆپىلىك)، مۇگەر (پىشانە)، خىي (كوچا، مەھەللە)، قاچار / خاچىر (مەڭىز)، سۆجە (يانپاش)، خامار / خامۇر (قاڭشار)، شىرلا / شىلى (پاتاڭ)، مونوخەي / مانۇخاي (قارانچۇق)، زۇركى (يۈرەك) دېگەندەك نۇرغۇنلىغان سۆزلەر قۇمۇل شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆزلەردۇر (بۇ سۆزلەر ھازىرقى موڭغۇل تىلىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ).

قۇمۇل شېۋىسى دەل مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدىغان بولغاچقا، خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى بىرمۇنچە تىلشۇناسلار ۋە تۈركولوگلار قۇمۇل شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، روسىيىلىك ئالىم، قازان داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ن. ف. كاتانوۋ (H. ф. KATAHOB) 1892 - يىلى قۇمۇل شېۋىسىگە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق قىلغان؛ 1906 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم ئا. لېكوك (A. Lecoq) كۇچاردا تۇرۇشلۇق قۇمۇللۇق كىشىلەر ئارقىلىق قۇمۇل شېۋىسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىق قىلغان؛ 1914 - يىلى روسىيىلىك تۈركولوگ س. ي. مولوۋ (C. E. MAЛOB) قۇمۇلنىڭ خوتۇنتام، قوراي، قارىمۇقچى، ئاقيەر، تاشار، شوپۇل قاتارلىق جايلىرىنى تەكشۈرۈپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» دېگەن ئەسەرنى يازغان.①

لېكىن، مەملىكىتىمىزدىكى ياكى چەت ئەللىك ئالىم، تىلشۇناسلارنىڭ قۇمۇل شېۋىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى، ئاساسەن، نۇقۇل دىئالېكتولوگىيە، لېكسىكولوگىيە، ھەتتا ستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەتقىقات تىل بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى قوش يۆنىلىشلىك ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقتا، ياكى تىل ھادىسىلىرى بىلەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرىدىغان مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقىغا چېتىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، تىل بىلەن جەمئىيەت، تىل بىلەن مەدەنىيەت چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، تىل ھادىسىلىرى، جۈملىدىن دىئالېكت - شېۋە ئارقىلىق، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى، ئۇلاردىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىياتلارنى

① «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 85 - يىللىق مەخسۇس سانىنىڭ 70 - بېتىگە قارالسۇن.

كۆرۈۋالغىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تىلنىڭ، جۈملىدىن دىئالېكت - شېۋىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار فىزىئولوگىيە، تىل قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەدەنىيەت ئامىلىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىئالېكت - شېۋىلەر بولسا، مەلۇم رايوننىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالايلۇق، قۇمۇل شېۋىسىدىكى «تەيجى» (ۋەزىر)، مەلۇمچىبەگ (تەيجىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان، ۋاڭ بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدار)، ئىشىك ئاغىسى (ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۆتكەش، ئۆستۈرۈش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەلدار)، كىچىك تەيجى (ئوردىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىر)، ئۈچبېگى (باجگىرلەر باشلىقى)، چەپبېگى (ۋاڭلار سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوغدىچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ باشلىقى)، كار (ۋاڭنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى)، بازار بېگى (بازار تىجارىتىگە مەسئۇل ئەمەلدار)، دورغا / دارۇغە (يېزا مەمۇرىي رايونلارنىڭ باشلىقى)، مىرغەزەپ (گۇناھقا تارتىلغانلارنى جازالاشقا مەسئۇل ئەمەلدار)، پەششاپ (كېچىدىكى ئامانلىقنى ساقلايدىغان ساقچىلارنىڭ باشلىقى)، توغ بېگى (بايراقچىلار باشلىقى)، مەتەر (ۋاڭنىڭ تۆگە كارۋانلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، نەقىپ (ۋاڭنىڭ خاس ئىش بېجىرگۈچىسى)، توغۇچى (كاتىپ)، خاتىپ (نىكاھ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم)، قورمال (ئوردىنىڭ يايلاقتىكى چارۋا - ماللىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، قۇشبېگى (شىكار، ئوۋ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، قوۋۇقچى بەگ (شەھەر دەرۋازىلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، موتسىپ (دىنىي مۇپەتتىشلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، باقاۋۇل (ئوردىنىڭ تاماق ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم)، غۇنچىچى (ئوردىدا تاماقتىن كېيىن داستىخان يىغىشقا مەسئۇل خادىم)، مىراخور (ئوردىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى باقىدىغان خادىم)، يوسۇل (پەرمان يەتكۈزگۈچى)، سەدىر (ئوردىنىڭ يەر ئىجارىلىرىنى يىغىدىغان خادىم)، بۆرەبېگى (ياۋايى ھايۋانلار ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، ئىتاجى (ئىت ۋە قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىنىڭ ئوۋ قۇشلىرىغا ئوزۇق بېرىدىغان خادىم)، ئاتىغا (شاھزادە - بەگزادىلەرنىڭ ئىنىكئانىلىرىنىڭ ئەرلىرى كۆك (دېرەك)، كۆتۈك (پادىچىلارغا بېرىلىدىغان ھەق) دېگەندەك سۆزلەر قۇمۇلنىڭ ئەينى زاماندىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرسە، «دۇر مۇقامى، ئۇلۇغدۇر مۇقامى، يالغۇز تۇيۇن، خۇپتى مۇقامى، جانىكەم (مۇقام نامى)، چۇشۇرگە (ھەربىر مۇقام ئىچىدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرى)، سوتۇق (ئاھاڭ)، چاغاناي (قومۇش سۇناي)، چاغاناق (چالغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تەخسە) كۆگ (كۈي) قاتارلىق سۆزلەر قۇمۇلنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دېمەك، دىئالېكت - شېۋىلەرنى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت مەنزىرىسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ شۇ دىئالېكت - شېۋە رايونىدىكى ئىزنالىرىنى ھەمدە شۇ

رايوننىڭ بۇ جەھەتلەردىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دىئالېكت - شېۋىلەردىكى تارىخىي تەرەققىياتلارنى ئومۇمەن ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىن كۆزىتىش مۇمكىن. دىئالېكت - شېۋىلەردىكى ماكرولۇق ئۆزگىرىش ياكى تەرەققىيات ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشى، قوشۇلۇشى، قوش تىل ھادىسىسى، شېۋە نوپۇزىنىڭ ئالمىشىشى ۋە شېۋە رايونلىرىنىڭ دائىرە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مىكرولۇق ئۆزگىرىش بولسا، دىئالېكت - شېۋىلەرنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە سۆزلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ھەم يېڭىلىنىشىغا دائىر ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى دىئالېكت - شېۋىلەردىكى ماكرولۇق ئۆزگىرىشلەرگە جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تۈرتكە بولغىنىدەك، مىكرولۇق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر قىسمىغىمۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى سەۋەب بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىنلا قومۇل شېۋىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرنى قىسقىچە شەرھلەشنىڭ ئۇيغۇر شېۋىلىرى ھەققىدە ئوخشىمايدىغان تۇرغۇ ھەم مېتودلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئازراق بېشارەت بېرەلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تىل، جۈملىدىن دىئالېكت - شېۋىلەر بىلەن ئۆرپ - ئادەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەدەنىيەت بەلگىسى بولغاچقا، تىل ھادىسىلىرى بىلەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، جۈملىدىن دىئالېكت - شېۋىلەر بىلەن ئۆرپ - ئادەتلەر چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ، يەنى دىئالېكت - شېۋىلەر خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ۋاسىتىچىسى بولۇش بىلەن بىرگە، شۇ ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىر مەزمۇنى بولغاچقا، ئۇ، ھامان ھەر خىل ئۆرپ - ئادەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دىئالېكت - شېۋىلەر خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دىئالېكت - شېۋىلەر خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋاسىتىچىلىك قىلىش جەريانىدا شۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بەلگىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دىئالېكت - شېۋىلەر ئۆرپ - ئادەتلەر تارىخىنىڭ كاتولوگى ھېسابلىنىدۇ. قومۇل شېۋىسىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئومۇمەن قومۇل خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېۋە سۆزلىرىنى توي - مەشرەپ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر، دەپنە - نەزىر ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر، ياسىنىش - كىيىم ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر، تۇغۇت - بالا بېقىش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە پەقەت ئورۇنى ئۈچۈن، ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

بۇ سۆزلەردە ئەكس ئەتكەن ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە ئورتاق بولسىمۇ، ھازىر پەقەت قومۇلدىلا ساقلىنىپ قالغان ياكى قومۇل شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەردە ئەكس ئېتىدىغان ئادەتلەر بولسا، بەزىلىرى قومۇل

رايونغىلا خاس ئادەتلەردۇر.

## 1. توي - مەشرەپ ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر

1) پوتا: بۇ، پوتا ئويۇنى ياكى مەشرەپلەردە ئەر - ئايال ياكى قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىنى سورۇنغا چۈشۈشكە ياكى ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلغاندا ئىشلىتىدىغان بىر دەستە گۈل ياكى گۈل شەكلى چىقىرىلغان نەرسە.

2) پوتا ئويۇنى: بۇ قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى ئەر - ئايال، قىز - يىگىت ئايرىمىسى بويىچە سورۇندا ئولتۇرۇشىدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرىدىن بىرى ناخشا - مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن، قولىغا پوتىنى ئېلىپ، خالىغان كىشىگە قوش قوللاپ سۇنۇش ئارقىلىق، قارشى تەرەپنى سورۇنغا چۈشۈشكە ياكى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ، پوتا سېلىش دېيىلىدۇ. قارشى تەرەپ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، سورۇنغا چۈشىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇلدىن كېيىن، پوتا سالغۇچى بىلەن پوتا سېلىنغۇچى بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ، سەل ئېگىلىشىپ تەزىم قىلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلغۇچى قارشى تەرەپكە قولىدىكى پوتىنى قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. قارشى تەرەپ يەنە باشقىلارنى ئوخشاش ئۇسۇلدا تەكلىپ قىلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر تەكلىپ قىلىنغۇچى تەرەپ تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇسسۇل ئوينىمىسا، ھايۋان ياكى قۇشلارنى دوراپ، قىزىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر بۇ تەلەپنىمۇ ئورۇنلىيالمىسا، پوتا بېيىتى ئوقۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. پوتا بېيىتلىرى ئادەتتە مەدھىيە خاراكتېرىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

تام بېشىدا ئولتۇرۇدۇر،
شاقشا بويلۇق شاھ يىگىت.
ئاغزىدىن شېكەر تامادۇر،
شەرۋىتى ئالتۇن يىگىت.
ئۆزلىرىنىڭ بويلىرى،
ئالتۇن قومۇشتەك.
خۇيلىرىنىڭ ياخشىلىقى
ئالتۇن - كۈمۈشتەك.
ئالتۇنمىكىن ئۆزلىرى،
كۈمۈشمىكىن سۆزلىرى،
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
قاپقارادۇر كۆزلىرى...

3) قىقاس نەزمىسى: بۇ، مەشرەپ راسا ئەۋجىگە چىققاندا مەشرەپ باشقۇرغۇچى ياكى

باشقىلار تەرىپىدىن يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلىدىغان بېيىت - قوشاق. قىقاس نەزمىسى ئادەتتە مۇنداق بولىدۇ:

بىرىپ ئىدىم تۇزغا،
يىقىلىپ چۈشتۈم مۇزغا.
مۇز ئۈستىدىن قوپماي تۇرۇپ،
مەيلىم چۈشتى قىزغا.

ئالتە پۈتكۈل ئۆي ئالدىم،
ئاتمىش سەرگە توخماق.
ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ،
قويمۇچىغا ئۇرماق... قىقاس!...

4) هاي - هاي ئۆلەن: بۇ قىز كۆچۈرۈش ناخشىسى بولۇپ، توي ئاخشىمى قىزنى يىگىتنىڭ هوجرىسىغا كۆچۈرۈپ كەلگىچە ۋە قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندە قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئايرىم - ئايرىم هالدا يىگىت ۋە قىز تەرەپ نەغمىچىلىرى تەرىپىدىن مۇزىكا تەڭكىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشىلار. بۇ ناخشىلار تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا بولىدۇ:

هاي - هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن،
ئىز كېلىدۇ يار سەنەم.
قىزنى توىغا يۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ يار سەنەم.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
تويۇڭ بولدى يار سەنەم.
كىمخاپ بىلەن تەيتۇللا،
ئۆيۈڭ بولدى يەر سەنەم...

5) كۆك مەشرىپى: قىش پەسلىدە ئائىلىلەردە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مەشرەپ تۈرى بولۇپ، مەشرەپنىڭ دەسلەپكى ئويۇشتۇرغۇچىسى مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن، بۇغداي ياكى ئارپىنى قاچىغا ئۆندۈرۈپ، مايسا يېتىلگەندىن كېيىن، ياز پەسلىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆندۈرۈلگەن مايسىنى هەر خىل قۇشلارنىڭ شەكلى چىقىرىلغان رەخت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چىرايلىق بېزەپ قويىدۇ. بۇ «كۆك» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇنجى مەشرەپ ئاياغلاشقاندا، ئويۇشتۇرغۇچى مەشرەپ نۆۋىتىنى باشقا دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، كۆكنى تۇتقان هالدا تۆۋەندىكىدەك بېيىتلەرنى ئېيتىدۇ:

قىشلىقى ئۈندۈردىلەر دانە بۇغدايىنى،
سۇغارغىلى ئەر بارمىكىن ئۇشبۇ بۇغدايىنى.
سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن ئۇشبۇ بۇغدايىنى،
كېچە - كۈندۈز ياد قىلۇرمىز ئۈستۈن خۇدانى.

بېيىت ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى مايسىنى ئۆزى نىشانلىغان كىشىگە، يەنى كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنى ئويۇشتۇرغۇچىغا بىر قوي، بىر كىيىملىك رەخت، توققۇز پەتنۇس يەل - يېمىش بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. كۆكنى ئالغۇچى جاۋابەن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتىدۇ:

چەللە - زىمىستاندا ئۈنەر سەبزە باھارنىڭ ئەۋۋىلى،
ياخشىلارنىڭ مېلىسىگە سەبزە ئۈنەر قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن چېچەكنىڭ تەرىپى نازۇك تۇرۇر،
سۇغۇرۇپ گۈل چاچقىلى ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر

بېيىت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەشرەپ ئويۇشتۇرماقچى بولغان كىشى كۆكنى 1 -، 3 -، 5 -، 7 - ۋە 9 - كۈنلىرىدىن بىرىنى تەيىن قىلىش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە تەيىن قىلىنغان كۈنى مەشرەپ ئويۇشتۇرىدۇ. مەشرەپ ئەنە شۇ تەرىقىدە قىسقىچە داۋام قىلىدۇ. ①

6) يۈز ئاچقۇلۇق: تويى بولغان قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇراسىمى، يەنى تويىنىڭ 2 - كۈنى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئەر مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخانلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز توي كىيىملىرىنى كىيگەن ۋە يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ھالدا ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھوجرىدىن مېھمانلار ئالدىغا داغدۇغا بىلەن ئېلىپ چىقىلىدۇ ۋە مېھمانلار ئولتۇرغان دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالاھىدە راسلانغان جايغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. يىگىت تەرەپ ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەر خىل قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئەينەك، ئەتىر، سوپۇن قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن بىللە قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت ۋە قىز تەرەپنىڭ ئاياللىرى تەغمە - ناۋا ئېچىدە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، يىگىت تەرەپتىن بىر ئايال نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن قىزغا يېقىنلىشىپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئاچماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا قىز تەرەپتىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئاياللاردىن بىرى ناھايىتى ئەپچىل ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى توسۇپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئاچقۇزمايدۇ. بۇ جەريانىدىكى ھەرىكەتلەر ناھايىتى يەڭگىل، چەبدەس، ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەل قايرىپ ئېچىلىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتىن ئالقىش - چاۋاك، قىقاس - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلۈپ، نەغمە - ناۋامۇ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ، ھەممە كىشى قىزنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. شۇندىن كېيىن، قىز ۋە يىگىت تەرەپ ئاۋۋال ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىز

① مەرھۇم ئابدۇللا ئەھمىدىنىڭ «قۇمۇل مەشرەپلىرى ۋە قۇمۇل ناخشا - مۇقاملىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

ياكى يىگىتنى ئاندىن ھەر ئىككىسىنى مەدھىيىلەيدىغان بېيىت ـ قوشاقلارنى ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئېيتىشىدۇ. مەسىلەن:

قىز تەرەپ:

ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە
بىر تۇگۈن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمغا،
تاجىم قىلىپ تاقىدىم.
خالايىقلار تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەق ئاراسىدىن،
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

يىگىت تەرەپ:

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى ئاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئاراسىدىن،
شۇ خېنىمنى تاللىدۇق.
ئوغۇل تۇغدۇق موللا ـ ئالىم،
خېنىم بالام تولۇن ئايىم.
كېچە كۈندۈز تىلەپ ئىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

7) توققۇزى: بۇ ئەسلىدە توينىڭ 9 ـ كۈنى قىز تەرەپنىڭ يېڭىلا ياتلىق قىلغان قىزىنى ۋە يىگىت ھەم قۇدىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىش ھەم بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى ئۆزئارا تونۇشۇش پائالىيىتى بولۇپ، ھازىر توي مۇراسىمى تۈت كۈنگە قىسقارتىلغاندىن كېيىن، بۇ پائالىيەت توينىڭ 3 ـ كۈنى قىز تەرەپتە، 4 ـ كۈنى يىگىت تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە «چىللاشقۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

8) ئۆرۈمە: توي ـ مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ بېرىدىغان پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر.

9) كۆشۈگە: توي كېچىسى قىز ـ يىگىتنىڭ ھوجرىسىنى مەلۇم يېرىدىن ۋاقتىنچە ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق يەرنى ئەيىبلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تارتىلىدىغان پەردە. بۇنىڭدىن باشقا، مېيىت ئۆزىتىدىغان چاغدا، جەسەتنى يىپىتىپ تۇتۇپ يۇيۇش ئۈچۈن ئۆيگە تارتىلىدىغان پەردىمۇ كۆشۈگە دېيىلىدۇ.

10) چاچ چۇشۇرگۈلۈك: قۇمۇلنىڭ توي ئادىتىدە توينىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەندە يىگىت ئۆز ھەمرالىرى بىلەن قىز تەرەپكە نىكاھقا بارىدۇ. بۇ كۈنى يىگىت تەرەپنىڭ بارلىق

ئەر- ئايال مېھمانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، توي ئىگىلىرى بىلەن بىللە قىز تەرەپكە بېرىپ مېھمان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن يىگىت تەرەپتە داستىخان ھازىرلانمايدۇ. شۇڭا نىكاھتىن قايتقان يىگىتلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە يىگىتنىڭ ئىززەت - ئابرويى ئۈچۈن، يىگىت تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر ياكى ئىككىسى مول داستىخان ھازىرلاپ، زىياپەت بېرىدۇ. مانا مۇشۇ زىياپەت چاچ چۇشۇرگۈلۈك دېيىلىدۇ.

## 2. دەپنە - نەزىر ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر

1) فېمار: كېپەننىڭ بىرىنچى قېتى، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىرچە بولىدۇ.

2) سىنبەت: كېپەننىڭ ئىككىنچى قېتى، قولتۇقنىڭ ئاستىدىن كىندىككىچە ئورۇلىدۇ.

3) قېمىز: كېپەننىڭ ئۈچىنچى قېتى، بويۇندىن پۇتقىچە ئورىلىدۇ.

4) ئىزار: كېپەننىڭ تۆتىنچى قېتى، باشتىن پۇتنىڭ ئۇچىغىچە ئورىلىدۇ.

5) لىپاپە: كېپەننىڭ بەشىنچى قېتى، باش - ئايىغىدىن بوغۇلغىچە ئورىلىدۇ.①

(ئەسكەرتىش: ئەرلەر ئۈچ قات، ئاياللار بەش قات كېپەنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى تەرتىپ ئاياللارغا ئورىلىدىغىنى بويىچە ئىزاھلاندى).

6) چاشكا: ئۆلۈمنى ئۇزىتىپ تۇپراق بېشىغا بارغان ئەرلەرگە تارقىتىلىدىغان قۇرۇق مېۋە - چىۋىلەر ياكى سەرەڭگە قاتارلىق نەرسىلەر ۋە تەزىيە بىلدۈرۈپ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە بارغان ئاياللارغا تارقىتىپ بېرىلىدىغان يىپ - يىڭنە ياكى قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەر چاشكا دېيىلىدۇ.

7) ئىسقات: مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن ئىمام ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە «ناماز ھەققى» دېگەن نام بىلەن بېرىلىدىغان پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر ۋە مېيىتنى ئۇزىتىپ، تۇپراق بېشىغا كەلگەنلەرگە مەرھۇمنىڭ ياشىغان يېشىغا ياكى نارەسىدە يېشى چىقىرىۋېتىلگەن يېشىغا بىر - ئىككى يۈەن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك توغرىلىنىپ تارقىتىلىدىغان پۇل ئىسقات دېيىلىدۇ.

8) قارىلىق: ئۆلۈمگە ھازا تۇتقان ئاياللار بېشىغا سالىدىغان، ئەرلەر يانچۇقىغا سېلىۋالىدىغان ئاق خەسە ياغلىق ياكى ياغلىقسىمان رەخت پارچىسى.

9) قارا ئەرتكۈلۈك: ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۈچ، يەتتە، قىرىق، يۈز، يىل نەزىرلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئادەتتە يىل نەزىرى بولغىچە ئارىلىقتا مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ۋە مەرھۇمنىڭ بىۋاسىتە تۇغقان - پۇشتىنىڭ قارىسىنى سۇندۇرۇش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن نەزىر قارا ئەرتكۈلۈك دېيىلىدۇ. قارا ئەرتكۈلۈك قىلغان كىشى مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن ھازىدارلىرىغا كىيىم - كېچەك ياكى رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى راسلايدۇ.

---

① ئابدۇرېھىم راخماننىڭ «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. «تەقدىرداش» 1994 - يىللىق 1 - سان.

10) ئۈچ نەزىر: مېيىت ئۈزىتىلىپ ئۈچىنچى كۈنى بېرىلىدىغان نەزىر.
11) يۈز نەزىرى: مېيىت ئۈزىتىلىپ 100 - كۈنى بېرىلىدىغان نەزىر.
12) كۆجە يېقىش: ئۆلۈم بولغان ئۆي ھاۋاسى ساپ، ھەم پاكىز بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ روھى كېلىدۇ دەپ مەلۇم مەزگىلگىچە كۆجە يېقىلىدۇ. بۇ، كۆجە يېقىش دېيىلىدۇ.

## 3. ياسىنىش - كىيىنىش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر

1) ئەرىلىك: قىز - ئاياللار زىننەت ئۈچۈن كالپۇكىغا سۈرىدىغان قىزىل بوياق، يەنى ھازىرقى لەۋ سۇرۇغ.
2) كۆيدۈرمە قاش: قىز - ئاياللار پەداز ئۈچۈن سىزىپ، تۈزىگەن قاش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

3) سەگۈنچەك: قىز - ئاياللار چېچىغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا قاش باشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى ساچتا بولۇر،
مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

4) قاڭغۇرا: قىزلار دوپپىلىرىغا ئېسىۋالىدىغان كۈمۈش ياكى مىستىن ياسالغان كىچىك قوڭغۇراق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

چىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز باشىدا قوڭغۇرا.
بولسا مەيلىڭ يار ئۈچۈن،
سەنمۇ ئۆيگە ئالدىرا.

5) پۆپۈك: مەشۈت يىپتىن ياسىلىپ، قىز - ئاياللارنىڭ دوپپىلىرىنىڭ ئوڭ ياكى سول يېنىغا سەل قىيپاش تاقىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى.
6) موخازا: ئاياللار دوپپىلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاقايدىغان، ئالتۇن ياكى

كۆمۈشتىن يۇمىلاق ياكى گۈل شەكلىدە ياسالغان، ئوتتۇرىسىغا كۆپىنچە ياقۇت كۆز ئورنىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

7) قات موخازا: ئاياللار دوپپالىرىغا ئورنىتىۋالىدىغان، ئالتۇن ياكى كۆمۈشتىن ياسالغان گۈل قاداق.

8) چاتقۇ: قىزلار ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا زىننەت ئۈچۈن ئېسىۋالىدىغان قىزىل - يېشىل مارجان تىزمىلىرى.

9) جالا: چېچى ئاز ياكى قىسقا ئاياللار چېچىغا ئۇلىۋالىدىغان، قارا مەشۇت يىپتىن ياسالغان يالغان چاچ.

## 4. يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر

1) شوچا: توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلاردا ئېتىلىدىغان، گۆش، ياغيۇ، سەۋزە، چامغۇر، بەسەيلەر توغرىلىپ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا تەڭشىلىپ، شورپىدا پىشۇرۇلىدىغان، دارا - دەرمەكلەر ۋە كومىلاچ گۆش، لەنپۇڭ قاتارلىق نەرسىلەر سېلىپ تەييارلىنىدىغان ئاچچىق - چۈچۈك، سۇيۇق - سەلەڭ تاماق تۈرىدىن ئىبارەت.

2) تۇرمەل: ئىنتايىن نېپىز يېيىلغان خېمىرنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق چانالغان بەسەينى چۈچىتىلگەن ياغ بىلەن تەكشى يېيىپ ۋە تۇرمەللەپ، ئاندىن پارچە - پارچە كېسىپ، جىمبىلدە دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرى.

3) كۆچە: ئاشۇرە ئايدا ئەجداتلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن، بۇغداي، پۇرچاق، قوناق، كۆك پۇرچاق، قارا پۇرچاق، دادۇر قاتارلىق يەتتە خىل داننى كالا گۆشى ۋە قوينىڭ كاللا - پاچاقلىرى پىشۇرۇلغان شورپىدا قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، پۈتكۈل ئاشۇرە ئاي جەريانىدا ئۆي - ئۆيلەردە ئېتىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، توگۇر ئاش، ئۇندۇرمە ئاش دېگەندەك سۆزلەرمۇ قۇمۇلنىڭ يەرلىك تائاملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر.

ئومۇمەن، يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆزلەر بولۇپ، بۇلاردىن باشقا، ئەمچىلىك ئادەتلىرى، مەدەنىي مەشغۇلات ئادەتلىرى، بالىلارنىڭ ئويۇن ئادەتلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ئادەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر بار. شۇڭا بۇ ھەقتە ۋە باشقا مەدەنىيەت ھادىسلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ھەتتا تارىخىي، ئىجتىمائىي - سىياسىي تۈزۈملەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن باشقا ساھەلەر تەتقىقاتىنى تەمىن ئېتىش دىئالېكت تەتقىقاتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر.

# ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىمداش «Gerund»نىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا

ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىمداش «Gerund» نىڭ جۈملىلەردە ئۆتەيدىغان ھەر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىكى ئىپادىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىمداشلار پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان شەخسسىز پېئىللار بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، مەنا جەھەتتىن مۇئەييەن ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇ جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بىرىكىپ ئايرىم ھالدا ئىگە، ئىسىم، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ شەكىل جەھەتتىن سۈپەتداشنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئىستېمال جەريانىدا ئۇلارنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ شەكلى مۇنداق:

| دەرىجە / زامان | ئەسلى دەرىجە | مەجھۇل دەرىجە |
|---|---|---|
| ئاددىي زامان | doing | being done |
| پۈتكەن زامان | having done | having been done |

بولۇشسىز شەكلى: not+doing

## 1. ئىسىمداشلارنىڭ جۈملىدىكى گراماتىكىلىق ۋەزىپىسى

(1) ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىمداشلار ئىگە بولغاندا ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

① ئىسىمداشلار ئىگە بولغاندا جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە

ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئىسىمداشلا «ش» لىق ئىسىمداش بىلەن ئىپادىلىنىپ، باش كېلىش شەكلىدە كېلىپ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Making progress is our great expectation.

ئالغا بېسىش بىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇيىمىز.

Smoking is harmful to health.

تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

② «It» ۋە «There» بىلەن باشلانغان ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ ھەر خىل كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ جۈملىدە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

It is not easy getting everything ready in time.

ھەممىنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس.

It has no use crying.

يىغلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

There is no joking about such matters.

بۇنداق ئىشلارغا چاقچاق قىلماسلىق كېرەك.

There isn't any good trying like this

بۇنداق سىناق قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

2) ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق جۈملىلەر يەنىلا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ ئەسلى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

The purpose of learning is working.

ئۆگىنىشتىن مەقسەت — خىزمەت قىلىش.

Their task is studying.

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى — ئۆگىنىش.

3) ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

① ئادەتتىكى تولدۇرغۇچى

ئىسىمداشلار ئادەتتىكى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ:

A. ئادەتتە mind، stop، avoid، finish، enjoy، endure، deny، imagine، require، admit، suggest، practise، delay، postpone قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن ئىسىمداشلار كېلىپ جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ ھەر خىل كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

I finished reading this story.

مەن بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم.

Tursun avoided giving a definite answer to us.

تۇرسۇن بىزگە ئېنىق جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

B. need، continue، start، propose، intend، like، prefer، begin، attempt، forget ··· قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن ئىسمداشمۇ، پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما ئۇلار مەنە جەھەتتىن بەك پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

Do you like playing (to play) chess?

شاخمات ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

Muhtar proposed making (to make) some changes in the plan.

مۇختەر پىلانغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بەردى.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزى پېئىللاردىن كېيىن ئىسمداش ياكى پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى ئىپادىلەنسە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنا پەرقى بولىدۇ. مەسىلەن:

I don't remember seeing her before.

ئۇنى كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق.

Remember what to tell him about it.

بۇ توغرىلىق ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىڭىزنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ.

I forgot having written a letter before

بۇرۇن خەت يازغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

Don't forget to send the letter.

خەتنى سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇماڭ.

يۇقىرىقى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئەسلى جۈملىدە پېئىلدىن كېيىن ئىسمداش كەلسە، بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا پۈتكەن ھاللىق ئىسمداش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھەم بۇرۇن يۈز بەرگەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئەسلى جۈملىدە پېئىلدىن كېيىن تۇراقسىز شەكلى كەلسە، بۇنداق جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسمداش بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

C. ئادەتتە prefer، regret، like، hate، love قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن ئىسمداش كەلسە، ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ياكى مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى پېئىللاردىن كېيىن پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى كەلسە مەلۇم بىر قېتىملىق ياكى كەلگۈسى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I like reading books of thes kind.

مەن مۇشۇ خىلدىكى كىتابنى ئوقۇشنى ياقتۇرىمەن.

I don't like to go out today.

بۈگۈن سىرتقا چىققۇم يوق.

② ئالدى قوشۇلغۇچلىق تولدۇرغۇچى

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ بولۇپ، be interestedin, insist on, think of, can't help, take part in, be proud of, be capable of, give up, be sick of, be fond of, be tired of…… قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

Are you interested reading novel?

سىز رومان ئوقۇشقا قىزىقامسىز؟

I'm fond of playing guitar

مەن گىتار چېلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

I'm tired of doing this kind of work.

مەن بۇنداق ئىش قىلىشتىن زېرىكتىم.

4) ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىمداشلار ئىسىم خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولغاندا ئىسىم ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

Yasen attended skating competition last year,

ياسىن ئۆتكەن يىلى مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

They built a new swimming pool.

ئۇلار يېڭىدىن بىر سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ياسىدى.

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار بىلەن سۈپەتداشنىڭ هازىرقى زامان شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

① ئىسىمداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئىسىم ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ. سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولغاندا بولسا سۈپەت ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

This is a very <u>interesting</u> story.
(سۈپەت)

بۇ بىر بەكمۇ قىزىقارلىق هېكايە.

This is a <u>reading</u> — room
(ئىسىم)

بۇ بولسا قىرائەتخانا.

② ئىسىمداشلار جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولغاندا، جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەمما سۈپەتداشلار جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولغاندا جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

Her favon'te sport is swimming.
Swimming is Der faron'te sport.

ئۇنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان تەنھەرىكىتى بولسا سۇ ئۈزۈش.

(بۇ يەردىكى swimming ئىسىمداش بولۇپ، جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.)

This girl is so charming.

بۇ قىز بەكمۇ چىرايلىق.

بۇ يەردىكى charming سۈپەت بولۇپ كەلگەن. شۇڭا جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ.

③ سۈپەتداشلار ئادەتتە جانلىق مەۋجۇداتنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئۇ جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئۇ جۈملىنى ئىنىقلىغۇچى ئەگەشمە جۈملىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما ئىسىمداشلار كۆپىنچە جانسىز شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى بولغاندا ئۇ جۈملىنى ئىنىقلىغۇچى ئەگەشمە جۈملىگە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

| ئىسىمداش | سۈپەتداش |
| --- | --- |
| a swimming pool | a swimming child |
| a pool for swimming | a child who is swimming |

5) ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىمداشلار جۈملىدە about ، against ، at ، before ، after ، on for ، from ، without ، upon قاتارلىق ئالدىن قوشۇلغۇچىلار بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Guli was excited on hearing the news.

گۈلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى.

Kurban got up early for fear of missing the class.

قۇربان دەرستىن قالماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كەتتى.

بۇ خىلدىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسىمداشقا «بىلەن» ، «ئۈچۈن» دېگەندەك تىركەلمىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە ۋاقىت ياكى مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.

## 2. ئالماش ياكى ئىسىم بىلەن باشلانغان ئىسىمداش قۇرۇلمىسى

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلارنىڭ بۇ خىل شەكلى ئاساسەن ئىسىمداشنىڭ ئالدىدا ئىگىلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ھەم بۇ ئىگىلىك ئالماشلار ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئىسىمداشلارنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بولىدۇ. بۇ تۈردىكى ئىسىمداشلار جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك رول ئوينايدۇ:

1) ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Doyon think his coming here will be of any help to us?

سىزچە ئۇنىڭ كېلىشىنىڭ بىزگە ئازراق ياردىمى بولارمۇ؟

2) كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

The problem now is our relying too much on theory.

ھازىرقى مەسىلە بىزنىڭ ھەددىدىن زىيادە نەزەرىيىگە تايىنىۋېلىشىمىزدىن ئىبارەت.

3) تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Do you mind my opening the window?

دەرىزىنى ئېچىۋەتسەم بولامدۇ؟ (قانداق؟)

4) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Hi insisted on my staying at his home.

ئۇ مېنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇۋالدى.

بۇ خىلدىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ ھەر خىل كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم ھەر خىل ئىمكان، ئىستەكنى بىلدۈرىدۇ.

3. ئىسىمداشلارنىڭ پۈتكەن زامان ۋە مەجھۇل شەكلى

1) ئىسىمداشنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى

ئەگەر ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت جۈملە خەۋىرى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولسا، بۇ خىل ئەھۋالنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىسىمداشنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق شەكىلدىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش بىلەن ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە ئىگە ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

I don't remember having seen Ahmet.

ئەخمەتنى كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق. (ئىگە)

Halik was scolded for having made a nistake.

خالىق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەندى. (ھالەت)

2) ئىسىمداشنىڭ مەجھۇل شەكلى

① ئاددى مەجھۇل شەكلى

ئىسىمداشنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى بولغاندا ئىسىمداشنىڭ مەجھۇل شەكلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ ھەر خىل كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە ھەر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

He said nothing before being hanged.

ئۇ دارغا ئېسىلىشتىن بۇرۇن ھېچنىمە دېمىدى. (ئىگە)

We congratulated him on his being appoirited to mayor.

بىز ئۇنىڭ شەھەر باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدۇق. (تولدۇرغۇچى)

②پۈتكەن زامان مەجھۇل شەكلى

ئىسىمداشنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى بولغاندا ھەم ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت جۈملە خەۋىرى بىلدۈرگەن ئىش - ھەرىكەتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولسا، ئىسىمداشنىڭ بۇ خىل شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل سۈپەتداش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

This house looks like not having been properly built.

قارىماقتا بۇ ئۆي مۇۋاپىق سېلىنمىغاندەك تۇرىدۇ.

I'll never forget having been rewarded when I was a chitd.

كىچىك ۋاقتىمدا تەقدىرلەنگەنلىكىمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

## 4. ئىسىمداشنىڭ باشقا شەكىللىرى

1) deserve، require، need، want قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن ئىسىمداش كەلگەندە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت مەجھۇل بولسىمۇ، لېكىن ئىنگلىز تىلىدا يەنىلا ئەسلى دەرىجە شەكلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا مەجھۇل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگۈسى ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ ۋە جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

This room needs a good cleaning.

بۇ ئۆي ياخشى تازىلىنىشى كېرەك.

This point desrres mentioning.

بۇ نۇقتا تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك.

2) mind + gerund شەكلى

ئىسىمداشلار بۇ خىل شەكىلدە ئاساسەن سوئال ياكى بولۇشسىز جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ شەرت رايى بىلەن ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

I don't mind walking.

پىيادە ماڭسام بولىۋېرىدۇ.

Would you mind waiting a moment?

بىر دەم ساقلاپ تۇرسىڭىز قانداق؟

3) S + v + It + andj + gerund شەكلى

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىمداشلار بۇ خىل شەكىلدە كەلگەندە جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «ش» لىق ئىسىمداشنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە ئۆزىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تەركىبلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ھەر خىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Do you think it is worthwhile going there?

بۇ يەرگە بېرىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارامسىز؟

I don't think it's good argueing with him.

مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

4) No + gerund شەكلى

ئىنگلىز تىلىدا ئىسمداشلار بىر خىل شەكىلدە قوللىنىلغاندا چەكلەش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ۋىۋىسكىلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ش» لىق ئىسمداش بىلەن ئىپادىلىنىپ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

No parking.

ماشىنا توختىتىشقا بولمايدۇ.

No smoking.

تاماكا چېكىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى: بۇ خىل شەكىل ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىلنىڭ «to do» شەكلىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئالدى قوشۇلغۇچى to دىن كېيىن ھەر خىل پېئىللارنى قوشۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يەنى to دىن كېيىن كېلىدىغان پېئىلنىڭ شەكلى تۇراقسىز بولۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل شەكىل تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى (idioms) گە نىسبەتەن ئېيتىلغان. بۇ خىل شەكىل قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن كىتابتا ئىنفىنىتىۋ (infinitive) دەپ ئېلىنغان. بىز ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ يۇقىرىقىدەك ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. 《A Practical English Grammar》 AJ. Thomson, A. V. Martinet

2. 《Practical English Usage》 Michael Swan

3. 《Long Man English Grammar》 L. G. Alexander

4. 张道真 .《实用英语语法》

5. 王高生 .《简明实用英语语法》

6. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، خەمىت تۆمۈر تۈزگەن.

7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇر تىلى ئىنستىتۇتى تۈزگەن.

8. «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»

9. «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىللىق قوشۇمچە سان.

10. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)

# ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

زۇلپىيە ئەكبەر

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تەرجىمە پرىنسىپىنى توغرا ۋە جانلىق قوللىنىش؛ سۆز مەنىسى، ستىلىستىكا، لوگىكا ۋە سىنتاكسىس ئېھتىياجى بىلەن تەرجىمىدە سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاش؛ سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاشنىڭ تەرجىمىدىكى مۇھىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەمدە ئىنگلىزچە بىلەن ئۇيغۇرچە ئارىسىدىكى پەرقنىڭ تەرجىمىدە سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

بىر پارچە ئىنگلىزچە ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا سۈپەتلىك تەرجىمە قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قاتتىق ئۆلچىمى بار. ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇش ھەمدە راۋان بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، تەرجىمە جەريانىدا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنى شۇنداقلا ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشقا ۋە تەرجىمە تېكىستىنىڭ «ئىنگلىزچە شەكىلدىكى ئۇيغۇرچە» بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەسلى تېكىستكە سادىق بولۇش ئاساسىدا، تەرجىمە تېكىستىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىپادىلەش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككى خىل تىل تەرجىمە جەريانىدا ئەتراپلىق ئىگىلەنسىلا، بۇنداق تەرجىمە ئەسىرى ئىلمىيلىك بىلەن ئىجادىيلىقنىڭ بىرلىكى بولالايدۇ. بۇ جەرياندا تۈرلۈك تەرجىمە ماھارەتلىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماھارەتلەرنىڭ بىرى ئىنگلىزچىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، «رەت نومۇرىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇش» ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى مۇۋاپىق تەڭشەشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەرجىمە شەكىل جەھەتتە ئەسلىگە سادىق بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كىتابخانلار چۈشىنەلمەيدىغان ھەم قوبۇل قىلالمايدىغان بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ. تۆۋەندە تەرجىمە جەريانىدا بەزى سۆزلەرنى قوشۇش ۋە ئىخچاملاش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە

ئېلىپ بارىمىز.

## 1. تەرجىمە جەريانىدىكى سۆز قوشۇش مەسىلىسى

ئىنگلىزچىدىكى بەزى سۆز - جۈملىلەر سۆز مەنىسى بويىچە ئۇيغۇرچىغا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنسا، سېمانتىكىلىق مەنىسى تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لېكسىكىلىق، ستىلىستىكىلىق ۋە لوگىكىلىق ئېھتىياجىغا قاراپ بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ ئەسلى مەنىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ھالدا ئەسلى تېكىست بىلەن تەرجىمە تېكىستىدىكى سۆزلەرنىڭ مىقدار جەھەتتىكى باپباراۋەرلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان سۆز قوشۇش خالىغانچە بولماستىن، بەلكى ئەسلى تېكىستتە ئۆزى يوق، لېكىن مەنىسى بار سۆزلەرنى قوشۇشقا قارىتىلغان. تۆۋەندە بۇنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1) ئىنگلىزچىدىكى پېئىل ياكى سۈپەتتىن ياسالغان ئابستراكت ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، كونتېكستنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ھەم كونكرېت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

We have finished all necessary preparation.

بىز بارلىق زۆرۈر بولغان تەييارلىق (خىزمەت)نى ئىشلەپ بولدۇق.

بۇ جۈملىدىكى «preparation (تەييارلىق)» سۆزى پېئىل «prepare» دىن ياسالغان ئابستراكت ئىسىمدۇر. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئۇنىڭ كەينىگە شۇ سۆزگە بىرىكەلەيدىغان «خىزمەت» دېگەن ئىسىمنى قوشقاندا، جۈملە چۈشىنىشلىك ھەم راۋان بولىدۇ.

2) ئىنگلىز تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسىسىدا «in Short» ، «therefore» دېگەنگە ئوخشاش ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەر بولىدۇ. بەزىدە بۇ خىلدىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستتە كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

You and I are teachers

سەن (مۇ)، مەن (مۇ) ئوقۇتقۇچى.

There are three students in the class, one is tailer than others.

سىنىپتا ئۈچ ئوقۇغۇچى بار، (ئۇنىڭ ئىچىدە) بىرى باشقىلاردىن ئېگىز.

3) ئىنگلىز تىلىدا سانلار دائىم ساناشقا بولىدىغان ئىسىملار بىلەن بىۋاستە باغلىنىپ كېلىدۇ، ساناشقا بولمايدىغان ئىسىملار بىلەن باغلانغاندا ئومۇمەن مىقدار سۆزلەر قوشۇلىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مىقدار سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئەسلى تېكىستنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

I have got two letters

مەندە ئىككى (پارچە) خەت بار.

The worker owns two houses.

بۇ ئىشچىنىڭ ئىككى (ئېغىزلىق) ئۆيى بار.

بۇ ئىككى جۈملىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش ئۇيغۇنلاشمايدۇ. پەقەت «پارچە»، «ئېغىزلىق» دېگەن مىقدار سۆزلەرنى قوشقاندىلا، جۈملە ئاندىن راۋان بولىدۇ.

4) يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ستىلىستىكا ئېھتىياجىدىنمۇ بەزى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى (مەزمۇنى) ۋە ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

As for me, I did not understand Why he thought so.

مەن (غۇ) ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلىغانلىقىنى چۈشەنمىدىم.

5) ئىنگلىز تىلىدا بەزى سۆزلەر بەلگىلىك كونتېكىستتا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مەنىسى ئېنىق، لوگىكىغا ئۇيغۇن بولىدۇ. لېكىن ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرى بىردەك بولمىغاچقا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە سۆز مەنىسىنى لوگىكا جەھەتتىن كونكرېت كېڭەيتىپ، بەزى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، ئىنگلىزچىدە يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

The bus in front of me stalled and I missed the green.

ئالدىمدىكى ماشىنا توختاپ قېلىۋىدى، يېشىل (چىراق) قا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

بۇ جۈملىنىڭ ئەسلى تېكىستىدە «چىراق» سۆزى يوق. لېكىن ئىنگلىز كىتابخانلىرى «stau» سۆزىنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆز ئىكەنلىكىنى، كونتېكىستتا قاتناش ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ماشىنىنى توختىتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى جۈملىدىكى «يېشىل» سۆزىنى قاتناش بەلگىسى بولغان يېشىل چىراق دەپ بىلىدۇ. لېكىن سۆز قوغلىشىپ ئۇيغۇرچىغا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنسا، «staued» سۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنىسى ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. شۇڭا «چىراق» سۆزىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلغاندا، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنا تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

A leaf is so light that it can float

يوپۇرماق شۇنداق يېنىككى، ھەتتا (سۇ ئۈستىدە) لەيلىيەلەيدۇ.

According to scientists, modern medicine owes a great deal to the discovery of certain tiny disease — carrying organisms.

ئالىملار (نىڭ قارىشى)غا ئاساسلانغاندا، بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىكى مىكرو ئورگانىزمنىڭ بايقىلىشى ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

6) سىنتاكسىسلىق ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەسلى تېكىستتە قىسقارتىلغان قىسىملارنى تەرجىمە تېكىستىدە قوشۇپ تولۇقلاش كېرەك. بولۇپمۇ ئىنگلىزچىدىكى جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان جۈملىلەرنى مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىلدىكى

جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، جۈملىنىڭ بىر قىسمى قىسقارتىلغان بولىدۇ. ئىنگلىز كىتابخانلىرى ئاشۇ قىسقارتىلغان قىسىمنى سوئال جۈملىلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. لېكىن بۇ خىل قىسقارتىلىش ئۇيغۇرچىغا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىنسە (قىسقارتىلغان شەكلى بويىچىلا تەرجىمە قىلىنسا)، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ. شۇڭا تەرجىمە تېكىستىدە شۇ قىسقارتىلغان قىسىمنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

Who broke the cup? I did

ئىستاكاننى كىم چېقىۋەتتى؟ مەن (چېقىۋەتتىم).

بۇ جۈملىدىكى «did» بولسا «do» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولى كۆپ، بەزى ھاللاردا ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پېئىلنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «I did» بىلەن «I broke the cup» نىڭ رولى ئوخشاش، يەنى «I did=I broke the cup»:

Is this her coat? yes, it is.

بۇ ئۇ ئايالنىڭ پەلتوسىمۇ؟ ھەئە، (ئۇ ئايالنىڭ).

بۇ يەردىكى «it is» بىلەن «it is hers» نىڭ رولى ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز «ھەئە» دەپ تەرجىمە قىلماستىن بەلكى، قىسقارتىلغان قىسىمنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

## 2. تەرجىمە جەريانىدىكى سۆز ئىخچاملاش مەسىلىسى

ئىنگلىزچىدىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە ئاساسەن، بەزى سۆزلەرنى ئىخچاملاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى سۆز ئىخچاملاش ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تەرجىمە تېكىستىدە تەرجىمە قىلىنمىسىمۇ مەنە جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتمەيدىغان يەنى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان سۆزلەرنى ئىخچاملاش. يەنە بىرى، ئەسلى تېكىستتىكى بەزى سۆزلەر تەرجىمە تېكىستىدە ئىخچاملانمىسا (قىسقارتىلمىسا)، ئۇقۇشماسلىق ياكى مەنە جەھەتتە ئېنىقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋالدا ئىخچاملاش. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىخچاملاش مەزمۇننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ۋە توغرىلىقىغا قىلچىمۇ تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

### 1) ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئارتىكلنىڭ ئىخچاملىنىشى

ئىنگلىزچىدە ئارتىكللار (a, an, the) گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن كۆپ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئارتىكل يوق. شۇڭا، تەرجىمىدە ئارتىكلنىڭ جۈملىدىكى مەنىسىگە ئاساسەن ئۇنى قىسقارتىش (ئىخچاملاش) ياكى قىسقارتماسلىقنى بەلگىلەش كېرەك. تۆۋەندە بىر ئېنىقسىزلىق ئارتىكلى (a, an) نى مىسال قىلىپ

ئۆتمىز. «a, an» لار جۈملىدە «بىر» دېگەن مەنىدە كەلگەندە «one» (بىر) دېگەن سان بىلەن مەنە جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئارتىكل روشەن سان ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا قىسقارتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

I have <u>an</u> English book, he has two.

مەندە <u>بىر</u> كىتاب بار، ئۇنىڭدا ئىككىسى.

Take two tablets three times <u>a</u> day.

<u>بىر</u>كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى تابلېتكا ئىچىلىدۇ.

لېكىن باشقا مەنىدە، مەسىلەن، تۈرنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، بىر ئادەم ياكى نەرسە ئارقىلىق پۈتكۈل تۈرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەندە، ئۇنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە قىسقارتىش كېرەك. مەسىلەن:

<u>A</u> cadre mustn't be divorced from the masses.

كادىرلار ئاممىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك.

بۇ يەردىكى ئېنىقسىزلىق ئارتىكلى «A» «بىر» كادىرنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى كادىرلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇمدۇر. شۇڭا ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا قىسقارتىۋېتىش كېرەك.

<u>A</u> horse is a useful animal.

ئات كېرەكلىك ھايۋان.

بۇ يەردىكى «A» نى چوقۇم قىسقارتىش كېرەك. قىسقارتىۋېتىلمىسە، ئېنىقسىزلىق ئارتىكلىنىڭ تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەنىسى تەرجىمە تېكىستىدە ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. نەتىجىدە ئەسلى تېكىست خاتا ھالدا «بىر ئات بىر كېرەكلىك ھايۋان» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسلى تېكىستنىڭ توغرا مەنىسىمۇ خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالىدۇ. پەقەت ئەسلى تېكىست ئۇستىدە ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن سۆز قىسقارتىش، لېكىن مەنىسىنى قىسقارتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئارتىكلنى قىسقارتىش - قىسقارتماسلىق ئەلۋەتتە يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ يەردە بىز بىرنى بىلىش ئارقىلىقلا باشقىلىرىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

## 2) ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئالماشلارنىڭ ئىخچاملىنىشى

(1) ئىنگلىز تىلىدا ئىگىلىك ئالماشلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتى ئىنتايىن يۇقىرى، ئۇلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق كەلگەن ئورۇندا ئىخچاملاش كېرەك. مەسىلەن:

He washes <u>his</u> face every morning.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈزىنى يۇيىدۇ.

بۇ جۈملىدە ئەگەر سۆز قوغلىشىپ، ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ «his» نى قىسقارتىۋەتمىسەك، ئۇنداقتا بۇ جۈملىنى «ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل تەرجىمە كۆرۈنۈشتە پۈتۈنلەي ئەسلى تېكىستنىڭ مەنىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغاندەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كىتابخان قايمۇقۇپ قېلىپ، «ئۇ» نىڭ زادى كىمنىڭ يۈزىنى يۇغانلىقىنى، ئۆزىنىڭكىنىمۇ، ياكى «his» (ئۇنىڭ)كىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەي قالىدۇ. شۇڭا تەرجىمە تېكىستىدە ئەسلى تېكىستتىكى قىسقارتىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتمىگەندە، تەرجىمىنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن:

They do their homework in the afternoon

چۈشتىن كېيىن ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ.

بۇ يەردە «their» (ئۇلارنىڭ)نى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. بولمىسا بۇ جۈملە «ئۇلار ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ قالىدۇ-دە، ئەسلى تېكىستتە ئىپادىلەنمەكچى بولغان پىكىرگە ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ.

(2) ئىنگلىزچىدىكى we (بىز)، you (سىلەر، سەن)، they (ئۇلار) دېگەن شەخس ئالماشلار ئومۇمەن ئادەملەرنى كۆرسىتىپ كەلگەندە، ئۇيغۇرچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. مەسىلەن:

<u>they</u> say it's so

(ئۇلار) ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاشۇنداق.

<u>You</u> can never tell.

(سەن) بىر نېمە دېمەك تەس.

Subtract five from ten <u>you</u> will get five.

ئوندىن بەشنى ئالسا (سەن) بەش قالىدۇ.

بۇ ئۈچ جۈملىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «They»، «you»، «you» لار قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغاچقا، جۈملە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقان.

3) ئىنگلىز تىلىدىكى ئادەمدىن باشقا شەيئىلەرگە قارىتىلىدىغان «It» (ئۇ) بەزىدە ئالماش بولۇپ، بەزىدە يېتەكچى سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

(1) It نۇرغۇنلىغان تەركىبلەرنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. لېكىن بۇ جۈملىدە ھاۋارايى، ۋاقىت، ئارىلىق قاتارلىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، ئۇيغۇرچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

<u>It</u> is snowing.

(ھاۋا) قار ياغدى.

It is half past two.

(ۋاقىت) ھازىر ئىككى يېرىم بولدى.

It is only five miles to the Summer palace.

(ئارىلىق) يىخېيۈەن باغچىسى بىلەن بۇ يەر بەش ئىنگلىز چاقىرىمى كېلىدۇ.

(2) it يېتەكچى سۆز رولىدا كەلگەندە، جۈملىدە شەكلەن ئىگە ياكى شەكلەن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، لېكىن ئەمەلىي مەنىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى پەقەت جۈملىنى سىلىقلاشتۇرۇش، بېشى چوڭ، ئايىقى كىچىك بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىنلا ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇنى ئۇيغۇرچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

How much does it cost to send a letter by registered mail?

زاكاز خەت سېلىش ئۈچۈن قانچە پۇل كېتىدۇ؟

بۇ جۈملىدىكى «It» شەكلەن ئىگە بولۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە قىسقارتىلغان.

I found it difficult to perserve.

چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ جۈملىدە «it» شەكلەن تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. تەرجىمىدە ئۇنى قىسقارتىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، بەزى سۆزلەرنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قوشۇش ۋە ئىخچاملاش ئۈستىدە توختالدۇق. سۆز قوشۇش بىلەن قىسقارتىش كۆرۈنۈشتە ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئەسلى تېكىستنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. سۆز قوشۇش بىلەن قىسقارتىش تەرجىمە تېكىستىنىڭ توغرىلىقى ۋە مەنتىقىلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسلى تېكىست بىلەن تەرجىمە تېكىستىدە سۆزلەرنىڭ مىقدار جەھەتتە ئوخشاش بولماسلىقى، مۇھىمى، ھەرقايسى تىللاردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەرقايسى تىللارنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلغاندا كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدىغان ماھارەتتۇر. بۇ خىل ماھارەت پەقەت توغرا قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىغا ھەقىقىي تۈردە سادىق بولغىلى، تەرجىمە تېكىستىنىڭ راۋان بولۇشىغا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

# ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىش شەرتلىرى توغرىسىدا

يارى ئەبەيدۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە، پېئىللاردا ئاجىزلىنىش شەرتلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

تەلەپپۇز جەريانىدا ئاۋاز كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن تاۋۇش تېمبىرىدا ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىش ھادىسىسى تاۋۇشلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىش ھادىسىسى ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىش شەرتلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېگىنىمىز، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان بوغۇملار تەركىبىدە ئاۋاز (تاۋۇش) تېمبىرى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشقاندا ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى ياڭراقلىق، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يوقىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەن ۋە يېرىم سوزۇق تاۋۇش [ɑ] ، [ɛ] لەرنىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا [e] تاۋۇشىغا، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل ئاجىزلىنىش تەسىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەكتە ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان فونېتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى تۇراقلىق بولۇش ياكى ئۆزگەرمەسلىكتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك ئۇيغۇرتىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە بۇزۇلغان. بۇنىڭ بىلەن،

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە تۈرلىنىشى جەھەتتە هازىرقى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن پېئىللارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، تۈرغۇن سۆز تەركىبىدىكى [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن پېئىللاردىكى [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىنىش شەرتلىرى، ھەتتا [α] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن پېئىللاردىكى [α] تاۋۇشى بىلەن [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن پېئىللاردىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىنىش شەرتلىرى ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا بىز تۆۋەندە ئۇلار ئۈستىدە ئايرىم — ئايرىم توختىلىمىز.

## 1. تۈرغۇن سۆزلەردە ئاجىزلىنىش شەرتلىرى

1) [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، رەۋىش، ئالماش، تەقلىد سۆز) گە مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىپ، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلىنىدۇ (ئەسلى ئەمەلىي تەلەپپۇزدا بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى [α] تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش [e] غا ئەمەس، بەلكى ئارا سوزۇق تاۋۇش [ə] غا ئاجىزلىنىدۇ. [ɛ] تاۋۇشى ئارا سوزۇق تاۋۇش [i] غا ئاجىزلىنىدۇ). مەسىلەن:

at→eti　　dʒαn→dʒenim　　aq→eqi

tal→teli　　tɛn→teni　　bɛl→beli

sɛn→seni　　kɛŋ→keŋi　　saj→seji

لېكىن، مەزكۇر بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە كەلسە ياكى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلمىسە، يەنى تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولسا (بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردۇر)، [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

at→atni　　tɛn→tɛndɛ　　aq→aqraq

bab→babi　　tadʒ→tαdʒi　　tar→tari

dαd→dαdi　　bαk→bαki　　pαr (جۈپ)→pαri

pɛm→pɛmi　　tɛm→tɛmi　　tʃɛm→tʃɛmi

tʃαm→tʃαmi　　sαn→sαni　　bɛʃ→bɛʃi

2) ئاخىرقى بوغۇمى [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىپ، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، شۇ [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق [i] غا ئەمەس، بەلكى ئارا سوزۇق [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىنىدۇ.

مەسىلەن:

bɑlɑ→bɑltlɑr　　ɑnɑr→ɑntri　　ɑkɑ→ɑktni

ɦɛdɛ→ɦɛdtsi　　vɛdɛ→vɛdtni　　qɛlɛm→qɛltmim

pɑxtɑ→pɑxttkɑr　　ɦɑzɑ→ɦɑzidɑr　　ɦilɛ→ɦiltgɛr

لېكىن، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بۇ تۇردىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولغاچقا، مەزكۇر بوغۇمدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [ɨ]تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن؛

ɑɦɑŋ→ɑɦɑŋi　　bɑlɑ→bɑlɑsi　　ɑjɑl→ɑjɑli

ɛsliɦɛ→ɛsliɦɛsi　　mɛnbɛ→mɛnbɛsi　　dʒmɛt→dʒɛmɛti

doklɑt→doklɑti　　grɑʒdɑn→grɑʒdɑni　　dɑdʒjɑŋ→dɑdʒjɑŋi

pristɑn → pristɑni　　ʃΦjyɛn →ʃΦjyɛni

ئەگەر ئاخىرقى بوغۇمى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، شۇ ئاخىرقى بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە كەلسە، [ɑ] ياكى [ɨ] تاۋۇشى [ɛ] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ، لېكىن، «ئالتە»، «يەتتە»، «يىگىرمە»، قاتارلىق سانلارغا تەرتىپ سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [ɨ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدا توختالغان ئاجىزلىشىشنىڭ ھەممە تۈرى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، يەنى يېزىقتا ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

3) [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [ɨ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، يەنە بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىمۇ يۈز بېرىدۇ، يەنى بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇلارغا كېيىنكى تەركىب قوشۇلغاندا (بىرىككەندە)، ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىلا، مەزكۇر بوغۇمدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [ɨ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىشىشتىن جۈپ سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى، بىرىككەن سۆزلەردىن يەر - جاي ناملىرى، كىشى ئىسىملىرىدىكى ئاجىزلىنىش يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. باشقا تۈردىكى بىرىككەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ئاجىزلىنىش بولسا يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا: | يېزىقتا: |
| --- | --- |
| qarɨmaj | قاراماي |
| mazɨraldi | مازار ئالدى (يەرنامى) |
| Φmɨraxun | ئۆمەر ئاخۇن |
| sovʁɨsalam | سوۋغا - سالام |
| tʃarɨtɛdbir | ئاچا - سىڭىل |
| pitnɨpasat | چارە - تەدبىر |
| anɨtil | پىتنە - پاسات |
| altɨkiʃi | ئانا تىل |
| Φjgɨqajtmaq | ئالتە كىشى |
| talaʁɨtʃiqmaq | ئۆيگە قايتماق |
| qamtʃɨgyl | تالاغا چىقماق |
| qamtʃɨot | قامچىگۈل |
| | قامچىئوت |

4) ئالدىنقى بوغۇملىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن، ئاخىرقى بوغۇمى [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تەركىب تاپقان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەر (ئاساسەن ئىسىملار) دىن يېپىق بوغۇملۇقلىرىغا ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى، ئوچۇق بوغۇملۇقلىرىغا ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ياكى سوئال ئۇلانمىسى ئۇلانغاندا، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلسە ۋە مەركۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، شۇ بوغۇمدىكى [α] تاۋۇشى [u] تاۋۇشىغا، [ɛ] تاۋۇشى [y] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
| --- | --- |
| quluʁum | قولىقىم |
| tumuqum | تۇمىقىم |
| jyryki | يۈرىكى |
| tΦvyni | تۆۋىنى |
| dʒuvusi | جۇۋىسى |
| ygrysi | ئۈگرىسى |
| buruLkumu | بۇرۇلكىمۇ |
| popozumu | پوپوزىمۇ |

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان [u] ياكى [y] تاۋۇشلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياڭراقلىق، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ، قىسقاراق، تۇتۇقراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## 2. پېئىللاردا ئاجىزلىشىش شەرتلىرى

1) [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا قانداق قوشۇمچە قوشۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلىدىكى يىلتىز ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلسىلا، يىلتىزدىكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا (ئەسلى ئارا سوزۇق [ɨ] تاۋۇشىغا) ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

bɛr→berɛj    kɛs→kesiŋ    tʃɛk→tʃekip

sɛz→sezil    kɛt→ketiʃ    tʃɛk→tʃekim

kɛs→kesik    kɛl→kelin    bɛr→berɛ

2) [α] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا، ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقىلىپ [α] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسىلا، ئەسلىدىكى يىلتىز ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، [α] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ. [α] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار دېگەندە، ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ (ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كۆرسىتىلمىدى):

1) بۇيرۇق - خالاش رايىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى «-اي»، «-ايلى». مەسىلەن:

bar→baraj    jaz→jazajli

(2) رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن «-ا». مەسىلەن:

tam→tama — tama    jaz→jaza — jaza

(3) كېلىدىغان زامان سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن «- ار» ۋە «- ىدىغان، - ا - دۇر - غان». مەسىلەن:

bɑr→bɑrɑr(dʒɑj)    jɑz→jɑzidiʁɑn

(4) ئېنىق كېلىدىغان زامان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-ا» (بۇ ئەسلى رەۋىشداش قوشۇمچىسى). مەسىلەن:

bɑr→bɑrimɛn    jɑz→jɑzisɛn

(5) ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىنىڭ بىرىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «-ار» (بۇ قوشۇمچىمۇ ئەسلى سۈپەتداش قوشۇمچىسى). مەسىلەن:

bɑr→bɑrɑrmiz    qɑl→qɑlɑrsilɛr

(6) ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «-ىدىكەن، -ا دۇر - ئىكەن». مەسىلەن:

[ə] bɑr→bɑridiken men < bɑr — ɑ — dur — iken — men

jɑz→jɑzidikensiler < jɑz — ɑ — dur — iken — siler

(7) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-اتـ-» (بۇ قوشۇمچىمۇ ئەسلى پېئىلنىڭ «ئا» لىق رەۋىشداش شەكلىگە باغلامچى پېئىل «ئەر-» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى «ئەردى» قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ هازىرقى شەكىلگە كېلىپ قالغان). مەسىلەن:

bɑr →bɑrɑttim    jɑz→jɑzɑttuq

(8) ئۆتكەن زامان ئىمكان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «الا-» ۋە ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كۆرۈلىدىغان قوشۇمچە «-ال-». مەسىلەن:

bɑr→bɑrɑlidim    jɑz→jɑzɑliduq

bɑr→bɑrɑlmidim <bɑr —ɑl—mɑ —di — m

(9) كېلىدىغان زامان ئىمكان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-الاي-». مەسىلەن:

bɑr→bɑrɑɑɑjmen.    jzɑ→jɑzɑɑɑjdu

(10) سوئال ئۇلانمىسى «-ام» (بۇ ئۇلانما ئەسلى پېئىللارنىڭ «ئا» لىق رەۋىشداش شەكلىگە «مۇ» ئۇلانمىسىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ «-ام» شەكلىگە كېلىپ قالغان). مەسىلەن:

bɑr→bɑrɑmsen. < bɑr —ɑ— mu — sen

jɑz→jɑzɑmsiler < jɑz — ɑ—mu — siler

(11) «ئە» يۈكلىمىسى. مەسىلەن:

jɑz→jɑzɛ.    bɑr→bɑrɛ

3) ئاخىرقى بوغۇمى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم هالىتىدە قالسىلا، ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [i] تاۋۇشىغا (ئەمەلىيەتتە ئارا سوزۇق [ɨ] تاۋۇشىغا) ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

qorɑllɑn→qorɑllinɑj    gyzelleʃ→gyzelliʃip

pɑrɑŋlɑʃ→pɑrɑŋliʃɑttim,    ɑdetlen→ɑdetlinelejmen

4) [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈپ ياكى ياسالما پېئىللار (يەنى ئوچۇق بوغۇملۇق پېئىللار) غا [ɑ] ياكى

تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئالدىنقى بوغۇمى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشلىرىدىن [ɛ] تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ پېئىللار ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [ɛ] [ɑ] تاۋۇشى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ.

(1) ھازىرقى زامان داۋام خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-ۋاتى» . مەسىلەن:

dɛ→dɛvɑtimɛn, tynɛ→tynɛvɑtimiz

bɑʃlɑ→bɑʃlɑvtidu. sΦzlɛ→sΦzlɛvɑtisɛn

(2) ھازىرقى زامان (ئىزچىل) سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-ۋاتقان» . مەسىلەن:

jɛ→jɛvɑtqɑn sɑnɑ→sɑnɑvɑtqɑn

kΦzlɛ→kΦzlɛvɑtqɑn tɑʃlɑ→tɑʃlɑvɑtqɑn

(3) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بىرىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «- ۋاتاتى» . مەسىلەن:

dɛ→dɛvɑtɑttim. jiʁlɑ→jiʁlɑvɑtɑttiŋ

(4) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى «ا -ۋاتقانىدى لۋاتقانى» (بۇ قوشۇمچە ئەسلى ھازىرقى زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-ۋتقان» غا ھۆكۈم باغلامچىسى «ئەردى» ، «ئىدى» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، لېكىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئوچرىغان) . مەسىلەن:

jɛ→jɛvɑtqɑnidim ojnɑ→ojnɑvɑtqɑniduq

kΦzlɛ→kΦzlɛvɑtqɑnidi. uxlɑ-uxlɑvɑtqɑnidiŋ

(5) ئۆتكەن زامان ئىمكان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-لا - لە» . مەسىلەن:

ojlɑ→ojlɑlidim uxlɑ→uxlɑlidim

dɛ→dɛlidim sɛkrɛ→sɛkrɛlidim

(6) كەلگۈسى زامان ئىمكان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-لاي/ لەي» . مەسىلەن:

sɑnɑ→sɑnɑlɑjmɛn. bɑʃlɑ→bɑʃlɑlɑjmɛn

jɛ→jɛlɛjmɛn tyzɛ→tyzɛlɛjsɛn

(7) تۈسلۈك قوشۇمچە «-ۋەر» . مەسىلەن:

qɑrɑ→qɑrɑvɛr ɑylɑ→ɑylɑvɛv

sφzlɛ→sφzlɛvɛr dɛ→dɛvɛr

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پېئىللاردىكى ئاجىزلىشىشنىڭ ھەممىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا [α] ياكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن باشقا يەنە يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش [i] ، [u] ، [y] لەر [ɦ] تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۈسىنى يوقىتىپ، يېنىك، قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

i̥ʃ    i̥s    u̥q    u̥t    y̥s    y̥tʃ    pi̥ʃ

tʃi̥ʃ    u̥tu̥q    qu̥ʃ    py̥ty̥k    tʃy̥ʃ

ئەگەر يۇقىرىقىدەك فونېتىكىلىق شارائىتتا كەلگەن يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلار سەل سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسا (يېنىك ۋە قىسقا ئوقۇلمىسا)، ئۇنىڭ ئاجىزلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، «قىپقىزىل»، «قۇپقۇرۇق»، «تۈپتۈز» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلار سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاجىزلاشقان بولۇپ ھېسابلانمايدۇ

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ [α] ، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئومۇمەن قانۇنىيەتلىك، شەرتلىك ھالدا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە قارىتا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ئوقۇتۇشىدا قارا - قويۇق ھالدا بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى [α] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى [e] تاۋۇشىغا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكىلىرى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلىشىدىغانلىقى، قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلاشمايدىغانلىقى ئېنىق چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى تېزراق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

# ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ قوش تىللىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

دىلارە ئىمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوش تىللىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەت. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا، بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش مۇساپىسىدە، شۇنداقلا زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىنى قوشقان.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە بايلىقىنى ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئاز سانلىق مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ياراتقان. شۇڭا مەيلى تارىخى بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت بولسۇن ۋە ياكى جەمئىيەت بايلىقى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولغان خەزىنىدۇر. لېكىن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا كونا جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نادانلىق ۋە جاھالەت تۈپرىقىغا مەھكۇم قىلىدىغان رەزىل سىياسەت - تەدبىرلىرى ئاستىدا، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. لېكىن، تارىختىن قېلىپ قالغان تەرەققىيات جەھەتتىكى تەكشىسىزلىك ئۇزۇل - كېسىل تۈگىتىلمىدى. شۇڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە قارىتىپ، شىنجاڭغا ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كۆپلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلىدى. ئەمما تىل جەھەتتىكى چەكلىمىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئوخشاشلا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، تىل مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئۆيلىنىشىغا تېگىشلىك تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تىل — كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، پىكىر قىلىش، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش قورالى، تىلدىن مۇستەسنا ھالدا ھەرقانداق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىرى مۇناسىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بىلەن مىللىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مىللىي مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگانلار، مىللىيچە ئاخبارات ۋە نەشرىيات مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلدى. مىللىي تىلدىكى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللار، كىتابلار ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشر قىلىندى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ساھەلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. لېكىن بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى كەسپىي خادىملارغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىغا كۆپ خىل تىل، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنمىگەندە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە تولۇق ھەسسە قوشالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. خەنزۇ تىلى خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە چوڭ تىللارنىڭ بىرى. بۇ تىلنى قوللىنىۋاتقان جۇڭگو ئاھالىسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىمۇ خەنزۇ تىلى بەش چوڭ تىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا خەنزۇلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي مىللەت. بىز كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشىمىزدا خەنزۇ يولداشلار بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چوقۇم خەنزۇ تىل - يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلى يالغۇز دۆلەت تىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل پەن - مەدەنىيەت تىلى. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىل - يېزىقى پەن - مەدەنىيەت ئۆچۈرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قوش تىللىق بولۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى كېرەك. لېكىن جەمئىيەتتە «مىللىي ئالاھىدىلىك» نى ساقلاش دېگەننى باھانە قىلىپ، قوش تىللىق بولۇشقا قارشى تۇرۇش خاھىشى ئاز - تولا مەۋجۇت. ئەگەر بىر مىللەت «مىللىي ئالاھىدىلىك» نىلا تۇتقا قىلىۋېلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشمىسا، ئۇ مىللەت ئۆز - ئۆزىنى مەھكۇملۇق گىردابىغا سۆرەيدۇ. بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، بېكىنمىچىلىك تورىغا ئورايدۇ. توغرا، ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىشى كېرەك. لېكىن بۇ ئارتۇقچىلىقلار ھازىرقى زاماندىكى رېئال تۇرمۇشتا

ھاسىل قىلىنغان مەدەنىيەتتىكى يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تولۇقلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشلا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر.

ئومۇمەن، بىر مىللەت تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئىلغار نەرسىلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۆگىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلدىن ئىبارەت بۇ قورالنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

بەزى يولداشلار تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن بارلىق كىتاب - ژۇرناللارنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تەرجىمە قىلىپ ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش تولىمۇ تەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى بۈگۈنكىدەك ئۈچقۇر دەۋردە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن دەۋر تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم بىر تەرەپ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ تارلىقى. ھازىرقى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي بىلىم ساپاسىنى سېلىشتۇرساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ نىسپىي تۆۋەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى مىللىي تىل - يېزىقتا چىقىدىغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بەك ئاز بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار پەقەت دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەن لېكسىيىسىگە ۋە قولىدىكى بىر دەرسلىك قوللانمىسىغا تايىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. دۇنيادىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىنمۇ بىخەۋەر قالىدۇ. شۇڭا مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن قوش تىللىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى ئېلىپ ئۆتەيلى: ئېلىمىزنىڭ يەنبىيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى چاۋشيەن مىللىتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان نومۇرى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاشلا يۇقىرى بولغان. ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيىتىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب چاۋشيەن مىللىتى قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشنى ھەر دائىم چىڭ تۇتقان ھەمدە بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا بەرگەن.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۈسۈشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارادا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش، جۇڭگونى تەتقىق قىلىش دولقۇنى قوزغالماقتا. مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان خەنزۇ مىللىتىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ، خەلقئارادىكى ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ باشقا ئىلغار مەدەنىيەتلەر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن چوقۇم كۆپ تىللىق بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىشى كېرەك.

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەردە، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىگە قارىتا ناتوغرا قاراشلار مەۋجۇت. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشنى ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەندە ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ھەتتا خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەندىشىلەر ئاساسسىز. چۈنكى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. قوش تىللىق بولۇشتىمۇ مۇناسىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە يەنە ئىككى خىل تىلنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىغا توغرا بولغان تىل تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئايرىم كىشىلەرنىڭ «ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش»، «ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش» تىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى پەيدىنپەي يوقىلىشقا باشلىدى.

ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، مىللەتنى يۈكسەلدۈرىمىز دەيدىكەنمىز، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارنى پۇختا ئۆگىنىپ، كۆپ تىللىق بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز مىللىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئۇتۇقلىرىنى خەنزۇ ياكى باشقا چەت ئەل تىلىدا تونۇشتۇرالىساق، دۇنيانىڭ پەن - مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئورنىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز تامامەن مۇمكىن. شۇڭا ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر تىل ئۆگىنىشنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا قوش تىللىق بولۇش ئومۇملاشقاچقا، مىللەتلەر مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. قىرغىز مىللىتىنىڭ داڭلىق ئالىمى چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىدا يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى 70 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. دەرۋەقە، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى ئارقىلىق قىرغىز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىغا نىسبەتەن كۆپ تىللىق بولۇش تولىمۇ مۇھىم.

## پېشقەدەم ئۇستازلار ھۆرمىتىگە

# ھاكىم جاپپار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ بولغان شىنجاڭ داشۆسىنىڭ قۇرۇلغىنىغا بۇ يىل 60 يىل بولدى. شىنجاڭ داشۆسى بۇ 60 يىللىق مۇساپىدە نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، توغرا نىشان، ئۇلۇغۋار غايە بىلەن ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ جەرياندا، نۇرغۇنلىغان تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلار، پېشقەدەم مائارىپچىلار شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزۇپ، زور تۆھپە قوشتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىلغار زات دۇجوڭيۈەن مۇدىر، لىنجىلو ئىلمىي مۇدىر، بۇرھان شەھىدى قوشۇمچە مۇدىر بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر قوشۇمچە مۇدىر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن جاڭ دۇڭيۈ، ھاكىم جاپپارلار مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوۋ، سادىر تۇردىشاھ، خۇي فېن، ۋېن خوخۇا، يۈن گۇاڭ، گاۋلىن، نۇسرەت شەھىدى، ئەنۋەرخانبابا، قەييۇم باۋدۇن، قازىكەن، جاڭ ياڭ، سۇلتان جانبۇلاتوۋ، شۈي يۈچى، شۈي گولو قاتارلىق يولداشلارمۇ مەكتەپ رەھبەرلىكى تەركىبىدە بولدى.

60 يىلدىن بېرى شىنجاڭ داشۆسى ئۆز قوينىدا 40 مىڭغا يېقىن ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلىدى. داشۆ قوينىدا ئازادلىقتىن بۇرۇن تەربىيىلەنگەنلەردىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا ئوخشاش ئىنقىلابچى، نەزەربىيچىلەر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردەك ئاتاغلىق يازغۇچى، ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن تەربىيىلەنگەنلەردىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نام قازانغان داڭلىق ئالىملار، پروفېسسورلار، يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يېتىشىپ چىقتى. بىز شىنجاڭ داشۆسىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق تارىخىنى ئەسلەيمىز، شىنجاڭ داشۆسىدە بىر ئۆمۈر ئىشلەپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن پېشقەدەم جاپاكەش تەربىيىچىلەرنى، رەھبەرلەرنى ئەسلەيمىز. شىنجاڭ داشۆسىنىڭ قۇرۇلۇش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا

ئۆچمەس تۆھپە قوشقان پېشقەدەم ئۇستازلارنى ياد ئېتىمىز.

شىنجاڭ داشۆسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل جەريانىدا شىنجاڭ داشۆسىدە ئىشلەپ ئەجىر سىڭدۇرگەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئىيسا نىياز، ۋېن پېيرەن، باۋدۇن نۇرىيوۋ، مەمتىمىن خۇدابەردى، ئابدۇلھەي ئەختەم قاتارلىق مەرھۇملارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز. شۇنىڭدەك 40 يىللاپ جاپالىق ئىشلىگەن، بولۇپمۇ مىللىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە تەر تۆككەن، ھازىر پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەملەردىن چېن دېخۇاڭ، جۇپېيزى، شياشى، ۋاڭ خۇەيدى، شيادىڭگۇەن، ۋاڭ بىڭۇ، ۋاڭ باۋ، تۇردى ئەھمەت، خې شيىڭ، ياڭ شاۋۋېي، جۇز ۇڭچىڭ، ئابدۇقادىر زاكىروۋ قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ تەبرىكلەيمىز ۋە خاتىرىلەيمىز.

«سۇ ئىچكەندە، قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەندەك، بىز شىنجاڭ داشۆسىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن 60 يىللىق مۇساپىسىدە تەر ئاققۇزغان بارلىق پېشقەدەم ئۇستازلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز.

بىز شىنجاڭ داشۆسىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن داشۆنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل ئىشلەپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھەم ھازىر دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ژۇرنىلىمىزدا تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

# جاڭ دۇكيۆ



پېشقەدەم مائارىپچى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق مۇدىرى جاڭ دۇكيۆ (خەنزۇ) 1915 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇنچېڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1935 - يىلى سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1937 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان. 1937 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە يەنئەندە ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا بىنائەن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن.

1938 - يىلدىن 1942 - يىلى 1 - ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1942 - يىلى 2 - ئايدا ئۇرۇمچىگە كېلىپ كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ يىلى 4 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان. 1946 - يىلى 7 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ يەنئەنگە قايتقان. 1947 - يىلى 10 - ئايدىن 1948 - يىلى 8 - ئايغىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدە مەمۇرىي كاتىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان ھەم يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. 1948 - يىلى 8 - ئايدىن 1951 - يىلى 9 - ئايغىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم شۆيۈەنىدە ئوقۇغان.

جاڭ دۇكيۆ 1951 - يىلى 10 - ئايدىن 1985 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مەكتەپ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ داشۆسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى ۋە مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خۆكۈمەتنى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 5 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر ئۇ يەنە شىنجاڭ پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئالىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئۇرۇمچى كەسپىي داشۆسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

جاڭ دۇكيۆ ئۆزىنىڭ 60 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپ تەرەققىياتى ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە مائارىپچى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشتى.

تەييارلىغۇچى: قەييۇم قۇربان

# هاكىم جاپپار



پېشقەدەم مائارىپچى، تەتقىقاتچى، شائىر، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق مۇدىرى هاكىم جاپپار 1925 ـ يىلى غۇلجا ناهىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1940 ـ يىلغىچە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇمىد مەكتىپىدە، 1940 ـ يىلدىن 1943ـ يىلغىچە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت كېيىنكى ئىدارىسى ۋە ۋاقىتلىق مەركىزىي هۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956ـ يىلى خىزمەت ئېهتىياجى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن. 1959 ـ يىلدىن كېيىن سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلاردا باشقارما باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىدا مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدە نازىر قاتارلىق مۇهىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

يولداش هاكىم جاپپار شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى مائارىپ ئەهۋالىنى، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى، جۈملىدىن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەرگىچە بولغان مائارىپ كەسپىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ «كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى هەققىدە» (1952 ـ يىل)، «سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش هەققىدە» (1979 ـ يىل)، «مىللىي دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى ياخشىلايلى» (1957 ـ يىل)، «بالىلار تەربىيىسى هەققىدە» (1986 ـ يىل)، «ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ هەققىدە» (1982ـ يىل)، «ئوقۇتقۇچىلار هۆرمەتلىنىشى لازىم» (1982 ـ يىل)، «مىللىي ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇهىم مەسىلە» (1987 ـ يىل)، «يۈكسىلىۋاتقان شىنجاڭ داشۆسى» (1985 ـ يىل) قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن چوڭ تۆهپىلەرنى قوشتى. ئۇ 1989ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ياخشى ئىستىل، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى

يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە بىرقانچە ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى ھەم ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇنىڭ يازغان ھەر خىل تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە ئەسلىمىلىرى 100 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ 1945- يىلدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىگىمۇ كىرىشكەن. گەرچە ئۇ مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، شېئىر ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ساھەدىمۇ ياخشى نەتىجە ياراتقان. ئۇنىڭ يازغان شېئىر، رۇبائىيلىرى 150 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ.

يولداش ھاكىم جاپپار جۇڭگو ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپچىلار جەمئىيىتى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرمۇنچە ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ژۇرناللارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ كەلمەكتە.

يولداش ھاكىم جاپپار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا مىڭلىغان شاگىرتلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن، بولۇپمۇ بۇ شاگىرتلىرى ئىچىدىن مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى، يۈرەك قېنىنى مائارىپ ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا سەرپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، سەمىمىي - ساداقەت ۋە كەمتەرلىك بىلەن خىزمەت قىلغان مول- ھوسۇللۇق تۆھپىكار ۋە جامائەت ئەربابى بولغاچقا، ھەر مىللەت خەلقى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

تەييارلىغۇچى: كۈرەش مەھمۇت

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن



پېشقەدەم مائارىپچى، ئاتاقلىق ئالىم، شائىر، پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاتۇشنىڭ باغئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى (دارىلمۇئەللىمىن) ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1952 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىققا قالدۇرۇلغان. شۇندىن تارتىپ 40 نەچچە يىل شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى ۋە شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ تىرىشچان ۋە ئىزدىنىدىغان روھقا ئىگە بولغاچقا، ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە تىل - يېزىقنى، رۇسچە تىل - يېزىقنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆز بىلىمىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ بارغان. ئۇ مەكتەپتە ئاساسلىق پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق كۆپ خىل دەرسلەرنى ئۆتكەن ۋە كۆپلىگەن دەرسلىكلەرنى تەييارلىغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھەسىدە چېلىقارلىق تۆھپىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئىستېداتلىق ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى (ئون ئىككى مۇقام) ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى تەتقىقاتچىلىقىدىكى نۇرغۇن بوشلۇق ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇردى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ يەنە «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى» قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ يەنە «توققۇز نەزمە»، «چوغلۇق قىز»

، «شېكسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما»، «شاھنامەئى فىردەۋسى» (2 ـ، 3 ـ توملىرى) قاتارلىق ئىلمىي- بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يەنە «روبائىيات» ، «چوغلۇق» ، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ، «باھارىيات» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرى نەشىر قىلىندى ۋە ھەر خىل گېزىت ـ ژورناللاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى 62 ياشتا ۋاپات بولدى.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يىپەك يولى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى.

## تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

# مۇھەممەت قادىر



پېشقەدەم مائارىپچى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت قادىر 1923 - يىلى 10 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ نوغايتو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

مۇھەممەت قادىر 1934 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە نوغايتو يېزىلىق مەكتەپتە ھەم غۇلجا شەھىرى ئايدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە، 1939 يىلدىن 1942 - يىلغىچە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان، 1942 - يىلى 8 - ئايدىن 1944 - يىل 10 - ئايغىچە غۇلجا شەھرى ئايدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ يېزىنىڭ ياشلار خىزمىتىگە ياردەملەشكەن. 1947 - يىلى 1 - ئايدىن 1957 - يىلى 10 - ئايغىچە ئەھمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى ھەم خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1957 - يىلى 10 - ئايدىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ تاكى 1981 - يىلغىچە سابىق پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ھەم شىنجاڭ داشۆسىدە مەكتەپ پارتكومىنىڭ ھەيئىتى، خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1981 - يىلدىن 1987 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شىنجاڭ داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەم مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. يولداش مۇھەممەت قادىر 50 نەچچە يىل ئىزچىل ھالدا مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قان - تەرىنى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان پېشقەدەم ئۇستازلاردىن بىرى.

ئۇ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت جەريانىدا ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

ئۇ 1955 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئۇ بىر ئۆمۈر مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ كەڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىقتا، ھەمكارلىقتا بىللە بولۇپ پاك - دىيانەتلىك، سەمىمي - ساداقەتلىك بىلەن تونۇلغان ئۈلگىلىك مائارىپچى.

تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

# ئەيسا نىياز



پېشقەدەم مائارىپچى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق ئىلمىي مۇدىرى ئەيسا نىياز 1917- يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1927 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە تۇرپان ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1933 - يىلدىن كېيىن قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1935 - يىلى تەشكىلاتنىڭ تاللىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، 1937- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋە 1939 - يىلغىچە ئۈرۈمچى سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا كاتىپ بولغان. 1939 - يىلى خىزمەت تەقسىماتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ تاكى 1948 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە كاتىپ، مۇپەتتىش، ئاقسۇ سىفەندە ئوقۇتقۇچى، تەرتىپ مۇدىرى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1948 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى تىل مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1949 - يىلى 12 - ئايدىن 1966- يىلغىچە سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ۋە كېيىن شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان.

يولداش ئەيسا نىياز بىر ئۆمۈر مائارىپ ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم مائارىپچى. ئۇ شىنجاڭ داشۆسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، داشۆنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ نامى شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخى سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىق. يولداش ئەيسا نىياز كەمتەر، سەمىمىي، چىقىشقاق بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ كەلگەنىدى.

يولداش ئەيسا نىياز 1989 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

# ۋېن پېيرەن



پېشقەدەم مائارىپچى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرى ۋېن پېيرەن 1910 - يىلى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنجى (延吉) شەھىرىدە تۇغۇلغان.

يولداش ۋېن پېيرەن 1916 - يىلدىن 1921 - يىلغىچە جىلىن يەنجى شەھىرىدىكى 1- ۋە 7 - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1922 - يىلدىن 1926 - يىلى 8 - ئايغىچە جىلىن ئۆلكىلىك 4- سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1926 - يىلدىن 1927 - يىلى 8 - ئايغىچە يەنجى شەھىرىدىكى 7 - باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان. 1927 - يىلدىن 1928 - يىلى 8 - ئايغىچە جىلىن داشۆسىدە ئوقۇغان. 1929 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە جىلىندىكى خېلۇڭ ۋە ۋاڭچىڭ ناھىيىلىرىدە مۇئەللىم بولغان. 1932 - يىلنىڭ بېشىدا بېيجىڭغا كېلىپ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاز ۋاقىت ئوقۇغاندىن كېيىن لوياڭدا بىر نەچچە ئاي مۇئەللىملىك قىلىپ، ئاندىن تيەنجىنگە بېرىپ تاكى 1935 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تۆمۈر يول 2 - ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1935 - يىلنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ 1937 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدە تەھرىر، قوشۇمچە سىفەن مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر بولغان ھەم شۇ چاغدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان، 1937 - يىلدىن 1942 - يىلى 5 - ئايغىچە مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىقىپلا 1942 - يىلى 6 - ئايدا غۇلجىغا بېرىپ، ۋالىي مەھكىمىنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1943 - يىلى 9 - ئايدا 2 - قېتىم قولغائېلىنىپ1944 - يىلى11 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئېلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1946 - يىلى 11 بېتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشكەن ھەم سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ يىلى 6 ئايدا ئۇ ئۈرۈمچىدە 3 - قېتىم قولغا ئېلىنىپ، 1947- يىلى3 - ئايدا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن لەنجۇ شەھىرىگە بېرىپ، غەربىي شىمال گېزىتىدە تەھرىر بولغان. 1948 - يىلى لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى 1- سىفەنگە مۇدىر بولغان. 1950 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرى بولغاندىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ داشۆسىدە ئىشلىگەن.

ۋېن پېيرەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تۆھپە قوشقان پېشقەدەم مائارىپچى. ئۇ ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

# باۋۇدۇن نۇرىيوۋ



پېشقەدەم مائارىپچى باۋدۇن نۇرىيوۋ 1918 - يىلى 10 - يانۋاردا غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە رەشىدە باشلانغۇچ مەكتىپىدە ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 - يىلدىن كېيىن بىر مەزگىل غۇلجا، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، 1941 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنغان ۋە 1945 - يىلغىچە چۆچەكتىكى مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. نۇرىيوۋ 1945 - يىلنىڭ بېشىدا چۆچەكتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشكىللەنگەن ئىنقىلابىي يەر ئاستى تەشكىلاتىغا ئابلىمىت ھاجىيوۋلار بىلەن بىرگە قاتنىشىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىشىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلغان. تارباغاتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىپ، 1949 - يىلى ئازادلىققا قەدەر مىللىي ئارمىيىدە مايور ئۇنۋانى بىلەن پولك سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى، پولك كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ھەم ئۇلارنىڭ قول - چوماقلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ۋە ۋەتەن بىرلىكى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشقان. 1950 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ۋە 5 - كورپۇسنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1951 - يىلى 7 - ئايدىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆسى) گە يۆتكىلىپ كېلىپ، تاكى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سىياسىي - تەلىم تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگە ئېلىپ، 40 نەچچە يىل پاك - ديانەتلىك، سەمىمىي - ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىگەن. ئۇ 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە 76 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش نۇرىيوۋ ۋەتەننىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان - تەرىنى ئاققۇزغان، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت، ئېسىل ئىستىلغا ئىگە ئۇستاز ئىدى.

**تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار**

# مەمتىمىن خۇدابەردى



پېشقەدەم مائارىپچى، دوتسېنت مەمتىمىن خۇدابەردى 1917 - يىلى 15 - مايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1925 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1932 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە ئۈرۈمچى خەنزۇ مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1934 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە كۇچا سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1935 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1937 - يىلى 7 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 1940 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا قوشۇمچە شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە دەرس ئۆتكەن. 1940 - يىلى باندىت شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1945 - يىلى 5 - ئايدا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1949 - يىلغىچە چۆچەككە بېرىپ ئەركىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلات «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» غا ئەزا بولغان. 1949 - يىلى چۆچەكتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا ئەزا بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىگە (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆسى) كېلىپ تاكى 1985 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر، 30 نەچچە يىل بۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن. ئۇ شىنجاڭ داشۆسى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. مەمتىمىن ئەپەندى بىر تەرەپتىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەن ھەم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «پسىخولوگىيە» «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، موللانىياز خوتەنىنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرەسى» نى ۋە بوللا مۇھەممەت نىيازى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشىرگە تەييارلىغان.

مەمتىمىن ئەپەندى بىر ئۆمۈر مائارىپ ئۈچۈن، ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ئىلغار دېموكراتىك زات بولۇپ، 1956 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1964 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 3-، 4-، 5 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

مەمتىمىن ئەپەندى 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار**

# تۇرسۇن رەھمىتۇللا



پېشقەدەم مائارىپچى، ئاتاقلىق تەنتەربىيە ئۇستازى، دوتسېنت تۇرسۇن رەھمىتۇللا 1928 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر يارباغ دەرۋازىسىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ 1936 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە قەشقەر دارىلئىبتام مەكتىپىدە، 1942 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1946 - يىللىرى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلار بىلەن بىرلىكتە 11 ماددىلىق بېتىمنى قوغداش قاتارلىق ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن بىرنەچچە ئاي تۈرمىگە سولانغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ غۇلجىغا بېرىپ، 1947 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە ئۇمىد مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1950 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىندە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1956 - يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تەنتەربىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1962 - يىلدىن 1989 - يىلى 5 - ئايغىچە دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شىنجاڭ داشۆسى تەنتەربىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 - يىلى تۇنجى قېتىم تەنتەربىيە ساھەسى بويىچە دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

تۇرسۇن رەھمىتۇللا تەنتەربىيە ساھەسىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن يېتىشىپ چىققان تەنھەرىكەت (بولۇپمۇ ۋالىبول) ماھىرى ھەم ئاپتونوم رايون ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان تەنتەربىيە پائالىيەتچىسى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ۋالىبول رېپىرى بولغان.

تۇرسۇن رەھمىتۇللا ئۇزۇن يىللىق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، ئۇستازى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن مىللىي تەنھەرىكەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان تۆھپىكاردۇر. ئۇ بىر ئۆمۈر تەنتەربىيە دەرسى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «تەنتەربىيە دەرسىنى قانداق ئۆتۈش لازىم»، «رېپىرلىكنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە»، «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋالىبول ئويناش ماھارىتى ۋە بىلىمىنى ئىگىلەش مەسىلىسى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان ۋە ئېلان قىلغان. ئۇ تەنتەربىيىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ياش تەنھەرىكەتچىلەرنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيىچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلغان. تۇرسۇن رەھمىتۇللا 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

# ئابدۇقادىر زاكىروۋ



پېشقەدەم دوختۇر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ئابدۇقادىر زاكىروۋ (ئۆزبېك) 1922- يىلى 9 - ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1929 - يىلدىن1937- يىلغىچە گۇچۇڭ ناھىيەسىدە ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1937 - يىلى 8 - ئايدىن 1939 - يىلى9- ئايغىچە ئۈرۈمچىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورنىدا ئىشلىگەن. 1940 - يىلدىن 1941 - يىل 10 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي كورسىدا ئوقۇغان.

1941 - يىلى 10 - ئايدىن 1945- يىلى 5 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ئىككىنچى دوختۇرخانىسىدا دوختۇرلۇق قىلغان. 1945 - يىلى 7 - ئايدىن 1946 - يىلى 10 - ئايغىچە گۇچۇڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىسىدا دوختۇرلۇق قىلغان.

1947 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئىلىدىكى تىببىي تېخنىكومنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن.

1951 - يىلى 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدە سوۋېت - جۇڭگو رەڭلىك مېتال شىركىتى دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ، كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1952 - يىلى 10 - ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ پۇنكىت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىنجاڭ داشۆسى دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ مەسئۇل دوختۇر بولغان، ئابدۇقادىر زاكىروۋ تىببىي ساھەدە مول تەجرىبە ۋە بىلىمگە ئىگە قابىلىيەتلىك خادىم بولۇپ، 46 يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىدە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە زور تۆھپە قوشقان.

ئۇ خەنزۇچە، بولۇپمۇ رۇسچە تىل - يېزىقنى ياخشى بىلگەچكە، ئۆز بىلىمىنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلاپ بارغان. ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. زاكىروۋ 1986 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

**تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار**

# ئابدۇلھەي ئەختەمۇۋ



ئابدۇلھەي ئەختەمۇۋ (تاتار) 1918 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئابدۇلھەي 1928 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە ئالتايدا ۋە 1929 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلغىچە غۇلجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1936 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە ئىلى سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچىدە سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ۋە مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

1941 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان بولغان ھەم مائارىپ نازارىتىدە مۇپەتتىش، ئۆلكىلىك تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن. 1944 ـ يىلدىن 1945 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە قامالغان. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچىدە يەنە تاتار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئۆلكىلىك سىفەندە يەنە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدە خىزمەتچىلەر كوپېراتسىيە ئىدارىسىدە مۇئاۋىن باشلىق بولغان. بۇ جەرياندا يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن تاكى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى ۋە شىنجاڭ داشۆسىدە خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ رۇسچە، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى ياخشى بىلگەچكە، بىلىم ئاساسىنى ئەتراپلىق پۇختىلىغان.

يولداش ئابدۇلھەي ئەختەمۇۋ پېشقەدەم مائارىپچى بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان ـ تەرىنى سەرپ قىلغان. ئۇ 1975 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار**

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995 - يىللىق ئۇمۇمىي مۇندەرىجىسى


يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى ........
........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (2 - سان 3 - بەت)
سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا ........................
........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (3 - سان 19 - بەت)
بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە ........................................
........................ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (4 - سان 1 - بەت)

× × ×

دېڭ شياۋپىڭنىڭ خەلقئارا ستراتېگىيىسى ۋە دىپلوماتىيە ئىدىيىسى ..................
.............. لى رېندى (ئەكبەر ھۇسەيىن تەرجىمىسى) (1 - سان 1 - بەت)
ئادەمنىڭ قىممىتى ھەققىدە ..........................................................
.............. ۋاڭ پېيشۇاڭ (قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى) (2 - سان 11 - بەت)
ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە
.............. فۇجاۋجۇڭ (ئەكبەر ھۇسەيىن تەرجىمىسى) (3 - سان 1 - بەت)

× × ×

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ....................
........................................ ن. ئەخمەتجان (2 - سان 28 - بەت)
سىياسەت ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ..................................
........................................ تۇرغۇن توختى (2 - سان 41 - بەت)
دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پاكلىقنى
ساقلاشتىكى رولى .............................. گۈلباھار نىياز (1 - سان 48 - بەت)
ئادەمنىڭ ماھىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا ..........................
........................................ تۇرغۇن توختى (1 - سان 61 - بەت)
ئېلىمىزدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ
مۇقەررەرلىكى توغرىسىدا ........................ ئوسمان مۇھەممەت (2 - سان 77 - بەت)
ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى توغرىسىدا ..............................
............................................ مۇنىرە ئاروپ خوجا (2 - سان 81 - بەت)
ھەمكارلىق ۋە سىرتقا يۈزلىنىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ
تۆپ يولى ........................................ ھېكىم زۇنۇن (3 - سان 79 - بەت)
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشى ھەققىدە ..........
........................................ ئالىم ئورابايى (1 - سان 70 - بەت)
يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان غەرب ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ بازار ۋە بازار ئىگىلىكى
توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ........ ئارسلان ئەھمەد زىيائى (4 - سان 33 - بەت)
سوتسىيالىزم شارائىتىدا شەخسىي تۇرمۇش ئىستېمالى ئۈچۈن تەقسىم قىلىنىدىغان قىممەت

توغرىسىدا ......... مەمتىلى تۇردى (1 - سان 89 - بەت)

× × ×

تەرجىمە ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ..........
......... ئەكبەر ھۇسەيىن (2 - سان 47 - بەت)

تەھرىرلىك خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا..........
......... ئەكبەر ھۇسەيىن (3 - سان 41 - بەت)

دۆلىتىمىزدە جىنايى ئىشلار بويىچە سوتسىيالىستىك قانۇن چىقىرىش تەرەققىياتىغا بىر
نەزەر.......... قادىر ئىبراھىم (1 - سان 17 - بەت)

شىنجاڭنىڭ يەرلىك قانۇن - نىزاملىرىنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى ھەققىدە .........
......... تۇرسۇنىياز ساۋۇر (1 - سان 31 - بەت)

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسەسى توغرىسىدا .........
......... ھاجىم شەرىپ (1 - سان 38 - بەت)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش سەۋەبلىرى
توغرىسىدا ......... ئالىم قادىر، غەيرەت تۇرئەخمەت (1 - سان 44 - بەت)

ئىقتىسادىي قانۇننىڭ مۇستەقىل قانۇن تارمىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .........
......... مۇھەممەت ھاجى (2 - سان 87 - بەت)

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا ...... كۆلىيا (3 - سان 82 - بەت)

يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى
توغرىسىدا ......... رىشات مۆمىن (3 - سان 87 - بەت)

مەمۇرىي تۆلەمدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا .........
......... گۈلباھار نىياز (3 - سان 91 - بەت)

بالدۇر نىكاھلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى
......... ھەمرا مۇھەممەت (3 - سان 102 - بەت)

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىدا تۇتقان ئورنى
......... زەيتۇنە توختى (3 - سان 138 - بەت)

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېتىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى
توغرىسىدا ......... قەييۇم قۇربان (4 - سان 22 - بەت)

كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
......... ئەخمەت مامۇت (4 - سان 27 - بەت)

× × ×

نۇتۇق مەھارىتىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى توغرىسىدا .........
......... ئايشەم ئابدۇللا (1 - سان 119 - بەت)

دېئالوگنىڭ قانۇن تىلىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيىتى .........
......... ئايشەم ئابدۇللا (2 - سان 91 - بەت)

تەڭقىس خۇلاسىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىشى توغرىسىدا .........
......... ھەسەنجان تۇردى (3 - سان 96 - بەت)

×××

ئۇيغۇرلار كلاسسك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئىقتىساد مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا .................... لى يۇك (2 - سان 56 - بەت)

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا .................................................. يارمۇھەممەت تاھىر (2 - سان 67 - بەت)

يېزىقچىلىق دەرسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.................................................................. ھىمىت مەخسۇت (2 - سان 94 - بەت)

لۇشۇن ۋە خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدا .................................................................. ئابدۇشۈكۈر مۇللەك (2 - سان 109 - بەت)

«يىللارغا جاۋاب»نىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى توغرىسىدا .................................................. ئانەيتۇللا قۇربان (2 - سان 116 - بەت)

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھەققىدە.................. ئازاد سۇلتان (3 - سان 55 - بەت)

پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى .................................................................. ئابدۇللا مۇھەممىدى (3 - سان 70 - بەت)

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ھەققىدە......... ئابدۇللا مەتقۇربان 4 - سان 69 - بەت)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى .................................................................. ئوسمان ئىسمائىل (4 - سان 75 - بەت)

قومۇل شېۋىسىدە ئەكس ئەتكەن بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا .................................................. پەرىدە ھامۇت (4 - سان 86 - بەت)

×××

نىزامى گەنجىۋىي ۋە ئۇنىڭ «پەنج گەنج» داستانى توغرىسىدا .................................................. شېرىن قۇربان (1 - سان 78 - بەت)

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا نەزەر .................................................. دىلارە ئىمىن، نۇرۇللا مۆمىن (1 - سان 131 - بەت)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللار .................................................. چىمەن نەجمىدىن، قەمبەرنىسا مۇھەممەت (1 - سان 137 - بەت)

شىنجاڭ ئارخىپچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا .................................................. گۆھەر ئىمىن (2 - سان 106 - بەت)

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا .................................................. ئەخمەت سۇلايمان (3 - سان 106 - بەت)

ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىئات» توغرىسىدا .................................................. تۇرسۇن ھوشۇر (3 - سان 114 - بەت)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا ...... چىمەن نەجمىدىن (3 - سان 117 - بەت)

ساكلارنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما ئۇچۇر - مەلۇماتلار.................................................. شېرىن قۇربان (4 - سان 44 - بەت)

چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى كاتىپلىق - كىتابەت ئىلمى ..................

.......... تۇرسۇن كەلپىن (4 - سان 57 - بەت)

قاراخانىلارنىڭ «ئۇلۇش يەر» تۈزۈمى توغرىسىدا ..........
.......... نۇرۇللا مۆمىن (4 - سان 65 - بەت)

× × ×

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسى ..........
.......... خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم (1 - سان 93 - بەت)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى توغرىسىدا ..........
.......... دىلدار مۇھەممەت ئىمىن (1 - سان 125 - بەت)

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى توغرىسىدا ..........
.......... يارى ئەبەيدۇللا (2 - سان 126 - بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار توغرىسىدا ..........
.......... رېيھان ھوشۇر (2 - سان 135 - بەت)

لۇغەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ..........
.......... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا (3 - سان 123 - بەت)

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ..........
.......... ۋاڭ سۆمېي (3 - سان 133 - بەت)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىمداش «Gerund» نىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى ..........
.......... ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان (4 - سان 97 - بەت)

ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا سۆز قوشۇش ۋە ئىخچاملاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ..........
.......... زۇلپىيە ئەكبەر (4 - سان 105 - بەت)

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش شەرتلىرى ..........
.......... يارى ئەبەيدۇللا (4 - سان 112 - بەت)

× × ×

ئوقۇتۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى قانداق يېزىش مەسىلىسى توغرىسىدا ..........
.......... شېرىن قۇربان (2 - سان 98 - بەت)

ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ قوش تىللىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ..........
.......... دىلارە ئىمىن (4 - سان 120 - بەت)

پېشقەدەم ئۇستازلار ھۆرمىتىگە .......... ھاكىم جاپپار (4 - سان 124 - بەت)

دۇنيادىكى مىللەتلەر .......... ئۆمەر موللا (3 - سان 142 - بەت)

**Journal of Xinjiang University (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition) Suppement October, 1995**

# Contents

About the Positior of the Town—Balasahun ……………… Abduxukur. Muhammatimin
About the System System of the Socialist market Economy and the necessities of renewing the sense of legal system ……………………………………………………… Keyyum. Kurban
On the necessity in unifying the Criterion of Human Rights ……………… Ahmat. Mamut
The Viewpomts of western Economy theory about Market and Market Economy in modern times ……………………………………………………………… Arslan. Ahmat ziyai
About the account of Sacklar's recorded history ……………………………… Xirin. Kurban
On the subject of study in document during the period in chengjisihan and Tumur's life ……………………………………………………………………… Tursun. Kalpin
About the "Feud" system of Karahan royal court ………………………… Nurulla. Mumin
On the existential literature ……………………………………………… Abdulla. Matkurban
The classifi cation of folk tale in Uyghur language ………………………… Osman Ismayil
Some customs and habits reflected in the dialect of Komul ………………… Parida. Hamut
The Usage of "Gerund" in English and its convey in Uyghur language …………………………………………………………………… Abdurixit. Kadir, Umarjan. Kurban
A Preliminary discussion on the importance of increase and decrease of Uyghur words in English translation ……………………………………………………… Zulfiya. Akbar
The Conditions under which Uyghur vowels are softened ………………… Yari. Abaydulla
On the Translation of foreign lown words ……………………………………… Gulzar. Huxur
About Preliminary discussion on translation of scientific works ……………… Shi zhen tian
On the necessities for minority young teachers to be bilingual ……………… Dilara. Emin
Paying our respects to founding members ……………………………………… Akim. Jappar

主编：艾克拜尔·侯赛因
副主编：克尤木·库尔班

ISSN 1005-5878

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆسى
شىنجاڭ داشۆسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

**新疆大学学报**

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

(哲学社会科学维文版)

增　刊

发行范围：公开发行

国际标准刊号：ISSN 1005—5878 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65—1035/C مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13—58

باھاسى: 2.00 يۈەن.